«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物




# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2
2012

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
03>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

www.uyghurkitap.com



## ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، تۆھپىكار ئالىي مۇھەررىر، ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست راخمان مامۇت ئەپەندى

ئۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (بىر قىسىم)، «باھادىر شاھ لى زىچىلىڭ» (ئۈچ توم)، «يېۋگېنى گىراندې» (فىرانسىيە)، «رەزىل يۈرەك» (مىسىر)، «تۇنجى مۇھەببەت» (مىسىر) قاتارلىق 18 رومان، «سۇنغان قانات» (لىۋان) قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق پوۋېست، «يېزىلىق ئەر»، «كۆلپەت» قاتارلىق 60 پارچە ھېكايە، «دېدەك قىز ئىزورا» (30 قىسىم)، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (36 قىسىم)، «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىمجىت» قاتارلىق جەمئىي 200 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرى، «پولات ئىرادىلىك تىنتو»، «گىنتلېرنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تۆت پارچە بىيوگرافىك كىتاب تەرجىمە قىلغان. «دۇنيا ئەدەبىياتى» تەھرىراتىدا 23 يىل باش مۇھەررىر بولغان. «دونكىخوت»، «قىيامەت»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى» قاتارلىق 10 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يازغان ۋە ئېلان قىلغان.

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


مەخسۇس سەھىپە

زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش ھەققىدە چۈشەنچە ........ 2

تەرجىمە كۆزنىكى

ۋېن جيابائو: مەن ھەر بىر كەمبەغەلگە ھېسداشلىق قىلىمەن ..........
........ مۇسا ئەخمەت (ت) 6

بىزگە قانداق زامانىۋىلىق كېرەك ............ قاھار ئوسمان (ت) 9

مەنسەپ بەرسەڭلار تەنقىدلەشتىن توختايمەن ........ مۇھەممەد ھوسەن (ت) 11

ئامېرىكىلىق باللار نەسىردىن ئەپەندىنى چۈشەنمەيدۇ.../ ئەنگلىيەلىك بالىلارنىڭ

ئون چوڭ باياناتى.../ 100 نومۇر ئالغۇم يوق.../خوتەنلىك ئۇيغۇر .........

........ ئەسقەر ياسىن (ت) 13

تەبىئەت، ئادەم ۋە كېلەچەك

ياشىسۇن تەبىئەت! .............. سەلىمە. ئا. كامال 20

سىرلار سىرى

«چىدىسالىڭ ياشا»نىڭ ھېكايىسى ........... ئابلەت ئابدۇللا 28

تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر ھېۋىلىرى ................ ھۆسنىجان نامان قاتارلىقلار 40

ئۆگىنىش دەۋرىگە كىرىش

تۇرمۇش سۈپىتى ۋە ئۆگىنىش ئېھتىياجىمىز ...... تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 42

كارخانا مەدەنىيىتى

شىركەتنىڭ قۇدرىتى ۋە تەسىرى ........... ئابدۇرېھىم دۆلەت 59

ھاراق ئىلان دوستلاشنىڭ، ئانىل بىلان خوشلاشنىڭ

ھاراق (4)............ (ھېكايە) ........... ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 71

ھايات ۋە بەخت

قىسمەت ..................... ئابلىمىت ئۆمەر 77


مۇقاۋىدا: قومۇلدىكى قوشماق مەدەنىيەت ........ يۈنۈس ئىبراھىم فوتوسى


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(61- يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2012- يىلى 2- سان

(ئومۇمىي 314- سان)



باش مۇھەررىر (تەكلىپلىك):

زۇنۇن باقى

(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:

بەگمەت يۈسۈپ

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى:

ئايگۈل ئەمەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش ھەققىدە چۈشەنچە

ليۇ جىيو

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇزاق ئەمىنلىك ۋە ھالقىما تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئامىلى. ھازىرقى دۇنيادا ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئەمەلىيەتتە زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ياكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، «زامانىۋى مەدەنىيەت» تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت، ئىلغار مەدەنىيەتتۇر. شۇڭا بۇ ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىلغار مەدەنىيەتنى ئىلغارلىققا ئىگە بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان قالاق مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

## زامانىۋى مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟

مەن مەدەنىيەتكە بېرىلگەن نەچچە يۈز خىل تەبىر ئىچىدە، ئەنگلىيە سولچىل مەدەنىيەت نەزەرىيەچىلىرى

**مەخسۇس سەھىپە**

رايموند ۋىلىيامس (Raymond Williams)، ستۇئارت خال (Stuart Hall) قاتارلىقلار بەرگەن تەبىر ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، مەدەنىيەتكە تېخىمۇ كەڭ ھەم ئاممىۋىلىققا ئىگە تەبىر بەرگەن، يەنى مەدەنىيەت مۇئەييەن ئىجتىمائىي كىشىلەر توپىنىڭ ئۆزلىرى ئورتاق بەھرىمەن بولغان قىممەت قارىشى ئاساسىدا بەرپا قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى قىممەت قارىشىدۇر. بۇنىڭدىن بىز مۇنداق بىر يەكۈنگە ئىگە بولىمىز، يەنى زامانىۋى مەدەنىيەت مۇئەييەن كىشىلەر توپىنىڭ زامانىۋى قىممەت قارىشى ئاساسىدا بەرپا قىلغان زامانىۋى تۇرمۇش شەكلىدۇر. بۇنداق تۇرمۇش شەكلىگە ھەر قانداق بىر مىللەت، سىنىپ، جىنس ۋە ياش قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئېھتىياجلىق. شۇڭا زامانىۋى مەدەنىيەت مىللەت، سىنىپ، جىنس، ياش پەرقى، رايون ۋە دىنىدىن ھالقىغان «ئورتاق مەدەنىيەت»تۇر.

زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى نېمە؟ بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆز قاراشلار بولسىمۇ، ئەمما ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1982 ـ يىلى مېكسىكىدا ئاچقان مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت مەسىلىسى ھەققىدىكى بايان ئەڭ زامانىۋىلىققا ئىگىدۇر: «مەدەنىيەت بۈگۈنكى كۈندە بىر جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ئاساسى، بىلىمى ۋە ھېسسىي تۇيغۇسىدىكى بارلىق روشەن ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشىدۇر. ئۇ سەنئەت ۋە ئەدەبىياتتىن باشقا، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىنسانىي ھوقۇق، قىممەت

سىستېمىسى، ئەنئەنە ۋە ئېتىقادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

بىز بۇنىڭدىن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مول مەزمۇنى ۋە تەشەببۇس قىلغان ئاخىرقى نىشانىنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى: زامانىۋى بىلىم، زامانىۋى پەن- تېخنىكا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، زامانىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە زامانىۋى ئىدىيە، زامانىۋى روھ، زامانىۋى ئېتىقاد، زامانىۋى دىنىي قاراش، زامانىۋى سەنئەتتۇر. ئۇلاردىن بىر خىل ئورتاق زامانىۋى قىممەت قارىشى شەكىللەنگەن. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى زامانىۋى كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زامانىۋى كىشىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ؛ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى يادرولۇق ۋە ئاخىرقى نىشان شىنجاڭلىقلارنى ھەقىقىي زامانىۋى كىشىلەر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر.

## زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەچكە، ھەممىدە تەرەققىيات، ئىشلەپچىقىرىش، كەشپىيات ئاساس قىلىنىدىغان بولدى. نەتىجىدە «تەرەققىيات چىن قائىدە» قىلىنىپ، زامانىۋى ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتىگە ئايلاندى. شۇڭا ئىلىم- پەن ئالىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى، تېخنىكا ياكى ۋاستىلەر جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈلدى. لېكىن غەرب ئەللىرىدىنىڭ زامانىۋى ئىقتىساد مەدەنىيىتى بىزنى يېتەرلىك تەجرىبە- ساۋاق بىلەن تەمىنلىدى، يەنى ئىشلار چەكتىن ئاشۇرۇلغانلىقتىن، تەرەققىيچىلىك، ماددىيچىلىق ۋە تاۋارچىلىق يولىغا كىرىپ قېلىپ، مۇھىتقا ئېتىبار بەرمەيدىغان، تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، سىجىل تەرەققىي قىلىش - قىلماسلىققا، ئىجتىمائىي ئادىللىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى. تەرەققىيات تەجرىبە- ساۋاقلىرى بىزگە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى بىلدۈردى. شۇڭا ھەقىقىي زامانىۋى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئىلمىي تەرەققىي قىلىش مەدەنىيىتى بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەپەككۇر ئاساسى ئومۇمىيلىقنى، پۈتۈنلۈكنى ۋە مەركەز تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىپ، كۆپ مەنبەچىلىككە، كۆپ مەركەز تەلىماتىغا ۋە پەرق تەلىماتىنى زىيادە تەكىتلەشكە قارشى تۇرۇشتۇر. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇ باڭگو تەكىتلىگەن «ئالتىگە يول قويماسلىق» (كۆپ پارتىيەنىڭ نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە يول قويماسلىق، يېتەكچى ئىدىيەنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە يول قويماسلىق، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىشكە يول قويماسلىق، ئىككى پالاتا تۈزۈمىگە يول قويماسلىق، فېدېراتسىيە تۈزۈمىگە يول قويماسلىق، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا يول قويماسلىق) دەل مۇشۇ خىل زامانىۋى تەپەككۇر ئىدىيەسىنىڭ تىپىك بايانىدۇر. شۇڭا ھازىر بىز شىنجاڭدا تۆتنى ئېتىراپ قىلىشنى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ تەرەققىياتقا ئىنتىلىشنى، تۈرلۈك ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ جاسارەت بىلەن قۇرۇلۇش قىلىشنى تەكىتلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي نىشانى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ خۇسۇسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپلىقى ئىلاھىي سۇبيېكتىپلىقنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئادەمنى مەركەز قىلىش ئىلاھنى مەركەز قىلىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئادەمنىڭ ئەقلىي خۇسۇسىيىتى ئەقلىي بولمىغان ئىلاھىي ئېتىقادچىلىقنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئادەمنى ئاساس قىلغان بارلىق قىممەت قارىشى ئىلاھنى ئاساس قىلغان بارلىق قىممەت قارىشىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك. خۇددى گېرمانىيە پەيلاسوپى مارتىن ھېدگېر (Martin Heidegger) يىغىنچاقلىغاندەك، زامانىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى «ئىلاھىيلىقتىن ۋاز كېچىش»تىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ھەممىدە ئادەمنى تەكىتلەش، ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەكىتلەش ھەم تەشەببۇس قىلىش، ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى ۋە يول قويۇشىدۇر. ئەلۋەتتە، ئىشلار بۇنداق چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، «چېكىدىن ئاشقان ئىنسانلار مەركەزچىلىكى» پەيدا بولۇپ، ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بىز ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى»دىن ئىبارەت توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى زامان گۇمانىزم پرىنسىپى ئاساسىدا، ئادەمنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، زامانىۋى مەدەنىيەت ھوقۇق تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىپ، ھوقۇق بىلەن بىلىمنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇردى. فېئودال مەدەنىيەت ھوقۇقنى مەرتىۋىلىك ئائىلىلەرگە ۋە بيۇروكرات ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغانلىق-

تىن، ھوقۇق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. ۋاھالەنكى، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكا زىيالىيلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. زىيالىيلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىدۇر. ئەمما ھوقۇق بىلىمنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، ئېكسپلاتاتسىيە تېپىدىكى ئەمەس، بەلكى مۇلازىمەت تېپىدىكى ھوقۇققا ئايلىنىشى كېرەك. «بىلىم ـ ھوقۇق» ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق يارىتىدۇ، بۇنداق ھوقۇق شەخسىيەتنى كۆزلىمەي، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، شەخسلەرنىڭ نوپۇزىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا قولايلىق يارىتىدۇ.

بەشىنچى، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ھالەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ھازىرقى زامان سەنئىتى چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندى، شۇڭا سەنئەت ئىنسانلار ھاياتىنىڭ بايانى دەپ قارالماقتا. دېمەك، سەنئەت كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە، تۇرمۇشىغا، تەقدىرىگە باغلىنىشلىق بولماقتا. زامانىۋى سەنئەت ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىدىيە ھېسسىياتى، ئىدىيە ـ كۆز قارىشى، ھاياتلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، شەكلىۋازلىق، راھەتپەرەسلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. كۆڭۈل ئېچىشنى زىيادە تەكىتلەش، ھەتتا «ئۆلگىچە كۆڭۈل ئېچىش» تېپىدىكى مەدەنىيەت قىممەت قارىشى زامانىۋى مەدەنىيەت قىممەت قارىشى ئەمەس.

**«زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش»نىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى**

ناھايىتى روشەنكى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش مۇرەككەپ، ئىنچىكە، چوڭقۇر ئىدىيە ئىنقىلابى بولۇپ، ئاسان يولغا قويغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا ئاچقۇچلۇق مەسىلە قانداق «يېتەكچى قىلىش».

مېنىڭچە، ئالدى بىلەن «يېتەكچى قىلىش»نىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. يېتەكچى قىلىش كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش، ئالماشتۇرۇش ئەمەس، زورلۇق كۈچ بىلەن ئىنقىلاب قىلىش، ھوقۇققا تايىنىپ بېسىم ئىشلەتىشمۇ ئەمەس. يېتەكچى قىلىش قايىل قىلىش، تەربىيەلەش، يېتەكلەش دېمەكتۇر. تۆپكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات قۇرۇلمىسىنى تەگىشەش ياكى قايتا ھاسىل قىلىشتۇر. بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ئەمەلىي جەريان. چۈنكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسىنى ئالغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات قۇرۇلمىسى ئىنتايىن كۈچلۈك مۇقىملىققا ئىگە. ئۇلارنىڭ ھېسسىيات قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلدۇرۇش ھوقۇقلۇق سۆزلەرگە تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. يەنە كېلىپ بىزنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشنى مۇرەككەپ، مۇشكۈل سىستېما قۇرۇلۇشى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، مەدەنىيەتنىڭ يادروسى بولغان قىممەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ قىممەت سىستېمىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبى، ئىدىيەسى، كۆز قارىشى ۋە ھېسسىياتىغا بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسى ۋە ئەخلاق غايىسىگە ئايلىنىپ، زور جەلپ قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، چاقىرىق قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقىدا. ئۇ مەدەنىيەتنىڭ بەزى تاشقى شەكىللىرىگە ئوخشاش بىر دەمدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس.

شۇڭا «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش»نىڭ ئاچقۇچى قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىش. مەن ئۇقتىلىق ھالدا مۇنداق ئۈچ «قائىدە»نى سۆزلىمەكچىمەن.

بىرىنچى «قائىدە» بىر مىللەت، بىر رايوننىڭ «ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى» ياكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى تاللاش پرىنسىپى بويىچە بولىدۇ، ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆرۈلگەن بارلىق ھادىسىنىڭ مەڭگۈ قىممىتى ساقلىنىپ، ھەممىسى ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئەنئەنىگە ئايلانمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز دېمەكچى بولغان مەلۇم مەدەنىيەت مۇئەييەن سىجىل تاللاش پائالىيىتىدە شەكىللىنىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇدا قوشۇش جەريانىدا جۇغلانغان نەرسە ئەمەس. ئاتالمىش مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت تاللاش ئەنئەنەسىدۇر. ئەمما بۇنداق تاللاشنىڭ ئۈچ خىل پرىنسىپى بار. بىرىنچى، ھۆكۈمران سىنىپلار مەنپەئەتى چەكلىمىسىدە تاللاش پرىنسىپى. مەدەنىيەت ئاساسلىقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەت ئۆلچىمىدە تاللىنىدۇ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزگەرسە، تاللاش ئۆلچىمىمۇ مۇقەررەر ئۆزگىرىدۇ. ئىككىنچى، دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى بەلگىلىگەن تاللاش پرىنسىپى. ئەنئەنىنىڭ تاللىنىشى چوقۇم دەۋر ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىر دەۋر ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بەلگىلەيدۇ.

دېمەك، شۇ دەۋر ئېھتىياجلىق بولغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تاللانماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۈچىنچى، تەكرار باھالاش، تەكرار تاللاش پرىنسىپى. مەدەنىيەتنىڭ تاللىنىشى بىردىنلا ئىشقا ئاشقان ئەمەس، بەلكى تەكرار تاللاش جەريانىدۇر. چۈنكى ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالمىشىشى، دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى ئۆزگىرىشى مۇمكىن، ئەڭ مۇھىمى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش سۇبيېكتى ئۆزگەرسە، كېيىنكىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان «ھېسسىيات قۇرۇلمىسى» ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىماي قېلىشى مۇمكىن. يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ھېسسىيات قۇرۇلمىسى بولىدۇ، ئۇلار ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئۆزلىرى ۋارىسلىق قىلماقچى بولغان ئۆزگىچە دۇنياغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا بىز ئاتالمىش مەڭگۈلۈك ئەنئەنە بولىدۇ، دەپ قارىماسلىقىمىز ھەم بۇنداق مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئەنئەنىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق ئەنئەنە مەۋجۇت ئەمەس.

ئىككىنچى «قائىدە» ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە توغرا پوزىتسىيە بىلەن قاراش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان كۆزگە كۆرۈنگەن سوتسىيولوگى فېي شياۋملڭ ئەپەندى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى «مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى» مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، «ئۆز گۈزەللىكىنى تونۇش، باشقىلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، گۈزەللىكلەردە ئورتاقلىشىش»تىن ئىبارەت ھەققانىيلىققا ئىگە ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دېمەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەنئەنە ئىچىدىن ھازىرقى زامانغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىپ، ئۇنى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھاكاۋۇرلۇق» ۋە «يوغانچىلىق» قىلماي، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت گۈزەللىكىنىمۇ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ كۆرۈپ يېتىپ، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئورتاق بەرپا قىلىش يولىدا ئاڭلىق مېڭىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى «قائىدە» مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش كېرەك. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى «ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت» ۋە «تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت»دىن ئىبارەت ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت كەلگۈسىنى، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقىنى تەكىتلەيدۇ؛ ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يادروسى خىزمەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايدۇ، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت خىزمەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايدۇ؛ ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت تېجەش بىلەن مەبلەغ سېلىشنى تەكىتلەيدۇ، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەكىتلەيدۇ؛ ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت مائارىپنى مۇھىم دەپ بىلىپ، مائارىپ تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارايدۇ، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت بولسا ئادەتتە مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؛ ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت شەخسلەرنىڭ ئىقتىدارىغا كۆڭۈل بۆلسە، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت جەمەت مۇناسىۋىتىنى مۇھىم دەپ بىلىدۇ؛ ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، ئىشەنچىگە ئېرىشىپ ئائىلىدىن ھالقىپ چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەتتە ئەكسىچە جەمەت بىلەن چەكلىنىش تەكىتلىنىدۇ. بۇ، چىرىكلىك، چاكىنا مۇناسىۋەت ۋە باج ئوغرىلاشتەك خاھىشلارنى ئاسان پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمەت قارىشى كۈچلۈك بولغانلار ئىجتىمائىي ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛ ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەتتە دىننىڭ پۇقرالار تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەتتە دىننىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ، ۋەھاكازالار. ناھايىتى روشەنكى، تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەمەس، ئۇ مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ، ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەت بولسا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى تەربىيەلەش، يېتىلدۈرۈش رولى كۈچلۈك بولىدۇ. كۈچلۈك بەخت ئىستىكىگە ئىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىز ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەتنى تاللىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى بىز دەۋاتقان زامانىۋى مەدەنىيەت دەل ھەرىكەت ھالىتىدىكى مەدەنىيەتتۇر.

---

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2012 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى «ئۆگىنىش» سەھىپىسىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## ۋېن جياباۋ: مەن ھەر بىر كەمبەغەلگە ھېسداشلىق قىلىمەن*

بىر ھۆكۈمەت، بىر جەمئىيەت كەمبەغەللەرگە تېخىمۇ كۆپرەك كۆيۈنۈشى، كەمبەغەللەر باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك

مەن 1942-يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 8-ئايدا تيەنجىننىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يىشىلىڭ دېگەن جايدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. بوۋام كەنتتە مەكتەپ ئاچقان ئىكەن، ئۇلۇغ بوۋام دېھقان ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەجدادىمنىڭ ھەممىسى دېھقان ئىكەن، ئائىلىمىزنىڭ تيەنجىنگە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھازىرغىچە ھېچكىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، شەنشىدىن بۇ يەردىكى ۋېن فامىلىلىكلەر جەمەتىنى پاناھ تارتىپ كەلگەن ئىكەن. ئائىلىمىز نامرات، ئىجتىمائىي ئورنى بولمىغانلىقتىن، ۋېن فامىلىلىكلەرنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىگە زادىلا كىرگۈزۈلمەپتۇ.

بوۋام ئاچقان كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى فېئودال مۇشتۇمزورلارنىڭ توسقۇنلۇقىنى يېڭىپ، تۇنجى بولۇپ قىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان مەكتەپ ئىكەن. بوۋام يىل بويى ئىككى ئىش ئۈچۈن، يەنى، بىرسى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، يەنە بىرسى مەكتەپكە پۇل توپلاش ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلەيدىكەن. ئۇ مەكتەپتىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتكۈزگەنلەر ئىكەن، بەزىلىرى ئازادلىقتىن كېيىن پروفېسسور بوپتۇ. موماممۇ (ئاپامنىڭ ئاپىسى)نىڭ ئۆيىمۇ شۇ كەنتتە ئىكەن، بوۋام (ئاپامنىڭ دادىسى) بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، مومام بىر كىچىك دورا دۇكىنىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئائىلىمىز يەنە بىر نەچچە مو يەرمۇ تېرىيتتى، ھەر يىلى كۈزدە كۆممىقوناق يىغىدىغان چاغدا، ھارۋىدىكى قوناق دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئېتىزدىن ئۆيگە قايتقان چاغلىرىمدىكى كۆرۈنۈشلەر ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

مېنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىم دەل ياپون تاجاۋۇزچىلىرى شىمالىي جۇڭگودا چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتقان مەزگىل ئىكەن، ئاپام ئېيتىپ بەرگەن بىر ئىش ھازىرغىچە شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ياپون تاجاۋۇزچىلىرى پۈتۈن كەنتتىكى ئادەملەرنى كەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر ئوچۇق مەيدانغا يىغىپ، تۆت ئەتراپقا پىلىموتلارنى تىكلەپ، پىلىموت ۋە نەيزىلەر بىلەن بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپتۇ. شۇ چاغدا، ئاپام مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ئىكەن. بۇ ئىش مېڭەمگە چىڭ ئورنىشىپ كەتكەن ئىدى.

تيەنجىن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى پۇختا مۇداپىئە تەييارلىقى قىلىش ئۈچۈن، يىشىلىڭ دېگەن جايغا ئوت قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆيىمىز ھەتتا بوۋام ئاچقان مەكتەپ، مومام (ئاپامنىڭ ئاپىسى)نىڭ ئۆيى ۋە دورا دۇكىنى پۈتۈنلەي كۆيۈپ

تەرجىمە كۆزنىكى

كۆلگە ئايلاندى. بىز تيەنجىن شەھىرى ئىچىگە قېچىپ
كىرىپ، قۇتقۇزۇش قورۇسىدا تۇردۇق. مومام قېچىش
جەريانىدا ئاغرىپ قېلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن
ئۆتتى. ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. گۆدەكلىك
دەۋرىمدە، مومام مېنى كۆتۈرۈۋالاتتى، مەن دائىم ئۇنىڭ
چېچىنى تارتاتتىم، ئۇ بىر ئازمۇ ئاچچىقلانمايتتى. تيەنجىن
ئازاد بولغان ئاخشىمى ئۇيقۇسىز بىر كېچە بولدى.
ئازدىلىق ئارمىيە قۇتقۇزۇش قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان
گومىنداڭ قوشۇنىنى قورشىۋالدى، شۇ ئاخشىمى ناھايىتى
كەسكىن جەڭ بولدى، قورۇ ئىچىگە گىراناتلار تاشلاندى،
ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا
يوشۇرۇنىۋالدى، لېكىن مەن بىر ئازمۇ قورقمىدىم.
ئىككىنچى كۈنى تيەنجىن ئازاد بولدى.

مېنىڭ باللىق يىللىرىم ئۇرۇش ۋە جاپا- مۇشەققەت
ئىچىدە ئۆتتى، نامراتلىق، پاراكەندىچىلىك، قەھەتچىلىك
يىللىرىدىكى ئىشلار مېنىڭ باللىق قەلبىمدە ئۆچمەس
تەسىرلەرنى قالدۇرغان. مەن بۇ بىزنىڭ بىر ئائىلىنىڭلا
ئازاب- ئوقۇبىتى ئەمەس، مەن تۇغۇلغان شۇ يىللارنىڭ
ئازاب- ئوقۇبىتىمۇ ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
تارىخى بىر ئازاب- ئوقۇبەتلىك تارىخ ئىكەنلىكىنى ياخشى
بىلەتتىم. مەن مۇنداق بىر قائىدىنى تەدرىجىي بىلىپ
يەتتىم:جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتمۇقات بەختسىزلىكلەرگە
ئۇچراۋاتىدۇ، جۇڭگونى پەقەت ئىلىم- پەنگە تايانغاندا،
ئەمەلىيەتچىل، دېموكراتىك بولغاندا، كۈرەش قىلغاندىلا،
ئاندىن قۇتقۇزغىلى بولىدۇ؛ خەلق پەقەت فېئودال مۇستەبىت
ۋە بيۇروكرات دەللال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، جۇڭگو پەقەت
ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلغاندىلا، ئاندىن ئالغا باسالايدۇ.

مەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
مەزگىللەردە، ئائىلىمىز ئىنتايىن نامرات ئىدى. دادام، ئاپام
ۋە بىز ئۈچ ئاكا- سىڭىل توققۇز كىۋادرات مېتىرغا يەتمەي-
دىغان بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان
ئىدۇق، ئۆينىڭ ھەر ئايلىق ئىجارىسى بىر خالتا ئۇننىڭ
باھاسىغا توغرا كېلەتتى، ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ ئايلىق مائا-
شى ئەڭ تۆۋەن بولغان چاغلاردا ئاران 37 يۈەن ئىدى.
مەن بىر قېتىم بوغما كېسىلى بولۇپ قالغاندا، دادام بىردىن-
بىر قول سائىتىنى سېتىپ، ماڭا دورا ئېلىپ، ئوكۇل ئۇر-
غۇزغان ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ يىللارغىچە قول-
غا سائەت ئېلىپ باقمىغان ئىدى. ئاددىي پۇقرالارنىڭ جاپا-
لىق تۇرمۇشىنى دائىم كۆرۈپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، كىچىك
ۋاقتىمدىن باشلاپلا قەلبىم ھېسداشلىققا تولغان ئىدى، بۇ
ئاددىي پۇقرالارغا، بولۇپمۇ كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق
قىلىش، ئادالەتسىز ئىشلارغا نەپرەتلىنىشتە ئىپادىلىنەتتى.
كۆڭلۈمدە كىشىلەر تۇغۇلغاندا باراۋەر بولغاندىكىن، جەم-
ئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى باراۋەر ياشىشى كېرەك، دېگەن
بىر خىل ساددا باراۋەرلىك قارىشى پەيدا بولغان ئىدى.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى نەنكەيدە ئوقۇدۇم. نەنكەي-
نىڭ مەكتەپ تەلىمى: «باراۋەر بولۇش، ئىقتىدارلىق
بولۇش، كۈنسايىن ئۆزگىرىپ بېرىش» دېگەندىن ئىبارەت
بولۇپ، ئۆزنى ئومۇم ئۈچۈن بېغىشلاش، ئالغا بېسىش،
يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىسلاھات قىلىشنى تەشەببۇس
قىلاتتى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مۇس-
تەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى خالايتتىم، مەسىلىلەرنى بايقاشنى
ئارزۇ قىلاتتىم، ھەقىقىي بىلىم ئۈستىدە ئىزدىنەتتىم، چىنى-
لىققا ئىنتىلەتتىم، ئۇ چاغلاردا دەرسلىك كىتابلاردىكى بى-
لىملەرنى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە دۆلەت ئىچى ۋە چەت
ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتكە دائىر كىتابلىرى-
نى كەڭ تۈردە ئوقۇيتتىم ۋە دەرستىن سىرتقى ھەر خىل
پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتىم. مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى
كۆرۈپلا قالماي، يەنە تەنتەربىيە ھەۋەسكارى ئىدىم.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ۋە ئالىي مەكتەپكە چىققان-
دىن كېيىن، ئارقا- ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرى-
كەتلەردە ئائىلەمدىكىلەر زەربىگە ئۇچرىدى. بوۋام 1969-
يىلى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ۋاپات بولدى، ئۇنى دوختۇر-
خانىغا مەن ھاپاش قىلىپ ئەكىرگەن ئىدىم. بوۋام ئوقۇت-
قۇچىلىق قىلغان مەكتەپتە ئۇنىڭ ئارخىپى ھازىرغىچە ساقلى-
نىۋاتقان بولۇپ، ئارخىپ ئىچىدە نۇرغۇن پارچە «تەكشۈ-
رۈش» لەر بار بولۇپ، رەتلىك يېزىلغان خەتلەرنىڭ قۇر
ئارىلىقلىرىدىن خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان ساداقەت-
مەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. داداممۇ 1960- يىلى ئاتالمىش
«تارىخي مەسىلىلەر»نى تەكشۈرۈش سەۋەبىدىن ئوقۇتقۇ-
چىلىققا قويۇلماي، شەھەر سىرتىدىكى بىر دېھقانچىلىق
مەيدانىغا چوشقا بېقىشقا ئەۋەتىلدى، كېيىن كۇتۇپخانىغا
كېلىپ خىزمەت قىلدى. مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندە

ئۇنىڭ بىلەن شەھەردىن ناھايىتى يىراقتىكى چوشقا بېقىش مەيدانىدا خوشلاشقان ئىدىم. دادام رۇخسەت سوراپ ئۆيگە كېلىپ مېنىڭ يۈك-تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇشۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ سەممىي ئادەم بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدى. ئۇ بۇ يىل ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنى «ئۆز نىسۋىسىگە شۈكرى قىلىپ ياشاپ، خاتىرجەم كەتتى» دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە ئائىلىمىزدە شۇنداق ئەھۋاللار بولغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىپ كەلدىم. مەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر ئادەم، مەن ھەمىشە كىتابتىن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلاشقا ئىرادە تىكلەپ كەلدىم.

دادام تەبىئىي جۇغراپىيەنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچلىقتىن، كىچىكىمدىن تارتىپلا مەندە يەر شارى ئىلمىگە قىزىقىش پەيدا بولغان ئىدى. مەن بېيجىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىدا بەش يىل ئوقۇدۇم. ئالىي مەكتەپتىكى مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم. كېيىن يەنە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ، گېئودېزىيەلىك تۈزۈلمىنى مەخسۇس تەتقىق قىلدىم. مەن گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى سەككىز يىلغا يېقىن ئۆگىنىش ۋە ھاياتىمنى ئەسلەپ، ئۇنى: ئانا مەكتىپىم ماڭا گېئولوگىيە بىلىمى بەردى، ئانا مەكتىپىم ماڭا قىيىنچىلىقنى يېڭىش غەيرىتى ئاتا قىلدى، ئانا مەكتىپىم ماڭا ئامما بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى بەردى، دېگەن ئۈچ جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغان ئىدىم. ئۇ مەزگىللەرمۇ ئوخشاشلا ئۇنتۇش تەس بولغان مەزگىللەر.

مەن خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 14 يىل دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن 5000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان ئىنتايىن جاپالىق چىلىيەنشەن رايونى ۋە بېيشەن قۇملۇق، چۆل - باياۋان رايونىدا خىزمەت قىلدىم. بۇ مەزگىلدە بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما بىلەن ئۇچراشتىم، خەلق تۇرمۇشىدىكى دەرد - ئەلەملەرنى ۋە دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ قىيىنلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەن خەلقىم ئارىسىدىن كەلدىم، مېنىڭمۇ جاپالىق بالىلىق يىللىرىم بولغان، مەن ھەر بىر كەمبەغەلگە ھېسداشلىق قىلىمەن، ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاشنى خالايمەن. مەن مەركەزگە بېرىپ خىزمەت قىلغاچدىن كېيىن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تۈپتوغرا 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يېزا- كەنت، زاۋۇت- كان، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم، يېزا- كەنتلەردە كۈندۈزلىرى دېھقان ئۆيلىرىنىڭ كېڭىدا ئولتۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلىدىم، كەچلىرىدە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتىم. مەن يېزىلاردا تۇرۇپ باقتىم، ئاشلىق ئامبارلىرىدىمۇ تۇرۇپ باقتىم، دائىم بىرەر ناھىيەگە بارسام بىر ھەپتىگىچە تۇردۇم. مەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ، ئالىملار بىلەن دوست بولۇپ، سىرداشتىم. مېنىڭچە، بىر رەھبەر ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى، خەلقنىڭ كۆڭلىنى، خەلقنىڭ رايىنى چۈشىنىشى كېرەك. ۋاھالەنكى، خەلق كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇش- بولماسلىقى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى يوقىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. سىياسەتنىڭ ياخشى- ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشنىڭ پەقەت بىرلا ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاممىنىڭ خۇشال بولۇش- بولماسلىقى، رازى بولۇش- بولماسلىقى، خوپ كۆرۈش- كۆرمەسلىكىدىن ئىبارەت.

مېنىڭ كەمبەغەللەر ئىقتىسادشۇناسلىقى، كەمبەغەللەر سىياسىيشۇناسلىقى ۋە كەمبەغەللەر مائارىپ ئىلمىنى دائىم سۆزلىشىمنىڭ سەۋەبى ــ جۇڭگودا، ھەتتا دۇنيادا كەمبەغەللەرنىڭ كۆپ سانى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغانلىقتىن ئىبارەت. بىر ھۆكۈمەت، بىر جەمئىيەت كەمبەغەللەرگە تېخىمۇ كۆپرەك كۆيۈنۈشى، كەمبەغەللەر باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك. جۇڭگودا كەمبەغەللەرنى چۈشەنمىسە، دېھقانلارنى ۋە شەھەرلەردىكى نامراتلار قاتلىمىنى چۈشەنمىسە، كەمبەغەللەر ئىقتىسادشۇناسلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، كەمبەغەللەرنىڭ مائارىپ قارىشىنى چۈشىنىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئادىللىقنىڭ يادروسى ــ بايلىق ياكى باشقا ئىمتىيازلار ئاساسىدىكى باراۋەر بولۇش ئەمەس، بەلكى ياشاش، رىقابەتلىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى جەھەتتىكى ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت. بىر ھۆكۈمەت ئەگەر ئاممىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا سەل قارىسا، تۈپ- ئاساسقا سەل قارىغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەت جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇنى يوقىتىپ قويسا، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىمارەت

ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، «دۆلەتنىڭ تەقدىرى خەلقنىڭ قەلبىدە»، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى خەلق كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇش-بولماسلىقى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى يوقىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ھۆكۈمەت كەمبەغەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى، خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئىچى سىيرىلىدىغان ئىش. پەقەت مۇشۇ قائىدىلەرنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىلا، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»نىڭ مەنىسىنى ئاندىن ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدۇ.

كەلگۈسى ياشلارغا مەنسۇپ. ياشلار گۈللەنسە دۆلەت گۈللىنىدۇ، ياشلار كۈچەيسە، دۆلەت كۈچىيىدۇ. ياش دوستلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ياشلىق باھارى ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ياشلىق باھارىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

* ۋېن جىباۋ زۇڭلىنىڭ ئانا مەكتىپى نەنكەي ئوتتۇرا مەكتىپىدە سۆزلىگەن نۇتقى

«ياشلار تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 24-سانىدىن

موسا ئەخمەت تەرجىمىسى

---

تىلماچ: ئالىي تەرجىمان، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ پېنسىيونېرى

# بىزگە قانداق زامانىۋىلىق كېرەك

پەن-تېخنىكا بولمىسا، زامانىۋىلىشىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. لېكىن پەن-تېخنىكىنى ھەممىگە قادىر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى پەن-تېخنىكىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

## تىزگىنسىز قالغان پەن-تېخنىكا

پەن-تېخنىكىنىڭ زادى نەرى يامان؟ شۇنىسى تولىمۇ مۇھىمكى، پەن-تېخنىكا تىزگىنسىز قېلىشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ نۇرغۇن تېخنىكىلارنىڭ تىزگىنسىز قېلىشى مۆلچەرلىگۈسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەڭ باشتا، كىشىلەر زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىتىش مەقسىتىدە ھاشارات يوقىتىش دورىسىنى كەشىپ قىلغان ئىدى، ئەمما ھاشاراتلار ئويلىمىغان يەردىن دورىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈۋالغاچقا، مەلۇم بىر خىل ھاشارات يوقىتىش دورىسى بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن زىيانداش ھاشاراتلارغا كار قىلماس بولۇپ قالدى. كىشىلەرمۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، يېڭىدىن-يېڭى ھاشارات يوقىتىش دورىلىرىنى ئۈزلۈكسىز كەشىپ قىلىۋەردى. ھاشاراتلارمۇ بوش كەلمەي دورىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى توختاۋسىز ئاشۇرۇپ ماڭدى... نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئىنسانلار بىلەن زىيانداش ھاشاراتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ جەرياندا، بىز خىلمۇ خىل ھاشارات يوقىتىش دورىلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىققان بولساقمۇ، لېكىن زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا قادىر بولالمىدۇق، ئۇلار بىزگە داۋاملىق ھەمراھ بولۇپ كەلدى. يەنە كېلىپ، ھازىرقى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمىز ھاشارات يوقىتىش دورىسىدىن ئايرىلالماس دەرىجىگە بېرىپ قالدى، چۈنكى، بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان كۆكتات، مېۋە-چېۋە، ئاشلىق قاتارلىقلارنى تېرىش جەريانىدا ھاشارات يوقىتىش دورىسى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز كۆپ يىللاردىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھاشارات يوقىتىش دورىلىرى ئاللىقاچان تۇپراققا چوڭقۇرلاپ تىنىپ كەتتى، دورىلارنىڭ قالدۇقلىرى بولسا سۇ بىلەن ھاۋاغا سىڭىپ بولدى...

خوش، گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنى ئويلىماي تۇرالمايمىز: ناۋادا ئەڭ باشتا زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش دورىسىنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساق، ئۇنى كەشىپ قىلغان ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن بولارمىدۇق؟ ھاشارات يوقىتىش دورىسى كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ كىشىلەر ئوخشاشلا ئاشلىق، مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئىدىغۇ؟ شۇ چاغلاردىمۇ زىيانداش ھاشاراتلار بار بولغىنى بىلەن، لېكىن ئۇلار ئوزۇق-تۈلۈكىمىزنىڭ ھەممىسىنى يەپ كەتمىگەن، بىزنى كۆكتاتسىز، مېۋە-چېۋىسىز قويمىغان ئىدىغۇ! بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىستېمىسىدا ھاشارات يوقىتىش دورىسىنىڭ زۆرۈر نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھاشارات يوقىتىش دور-

سى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمىزغا نۇرغۇن كاشىلىلارنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى ئىشلەتمىسە بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بايقاپ ئولتۇرۇپتىمىز.

مانا بۇ پەن-تېخنىكىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە كونتىرولسىز قالغانلىقىنىڭ مىسالى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھالەتنىڭ زىيادە ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ قالغان يېرىمۇ يوق، چۈنكى، ئومۇمىي ۋەزىيەتتە ئۇنى سىغدۇرغىلى بولىدۇ، يامان يېرى بۇ خىل ھالەتنى ئەسلىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ.

## قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى بولۇۋەرمەيدۇ

زامانىۋىلىق ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى: ئىلگىرىكى قارىشىمىزدا پەن-تېخنىكا تولىمۇ گۈزەل نەرسە ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇ قانچە تېز تەرەققىي قىلسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارايتتۇق. بۇ يازمىنى ئوقۇۋاتقان كۆپىنچەيلەننىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇشۇ خىل تەربىيەنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئەمما ھازىر پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بەك تېز بولۇپ كەتتىمۇ-قانداق؟ دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئائىلىۋىق، كىشىلەر ئەسلىدە بىر ئائىلىدە بىر تاللا كىرئالغۇ بولسا كۇپايە دەپ قارايتتى، يەنە كېلىپ كۆپىنچە ئاياللارمۇ قول ياغلىق، پايپاق، ئىچ كىيىم دېگەندەك نەرسىلەرنى قولدا يۇيسا بولدى، دەپ قارايتتى. ئەمما ئېلىمىزدىكى مەلۇم داڭلىق ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى زاۋۇتى بىر خىل ئەپچىل كىرئالغۇنى ئىشلەپچىقىرىپ، بۇ خىل كىرئالغۇ قول ياغلىق، پايپاق، ئىچ كىيىم دېگەندەك نەرسىلەرنى يۇيۇشقا ماس كېلىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلدى. دەرۋەقە، بۇ مەھسۇلات بازارغا سېلىنغان ھامان تالاشتا قېلىپ، بىر مەھەل مال ئۈزۈلۈپ قالدى. دېمەك، ھازىر خېلى كۆپ شەھەر ئائىلىلىرىدە ئىككىدىن كىرئالغۇ بار، ئۇلار بىز ھەقىقەتەن يەنە بىر كىچىك كىرئالغۇغا موھتاج، بۇنداق بولغاندا تۇرمۇشىمىزغا قولايلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ ھازىر كارخانىلارنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى تىپىك مىسال بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇرمىز. ئەپسۇس، ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇرمۇشىمىزدىكى زۆرۈر ئېھتىياجدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ مۇشۇنداق ئېھتىياجلىرىمىز تامامەن سودىگەرلەر تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

شۇ تاپتا بىز پەن-تېخنىكا بەك تېز تەرەققىي قىلىپ كەتتىمۇ-قانداق؟ دەپ ئەنسىرىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، كىلون ھادىسىسى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئېھتىياجىمىز ئەمەس، بەلكى تامامەن پەن-تېخنىكا ئەسەبىيلىرىنىڭ غالجىرانە خىيالىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇنداق نەرسىلەرگە «چاقىرىلماراق بارلىققا كەلگەن بولسىدى» دەپ تەقەززا بولۇشىمىز تامامەن بىھاجەت، ئەكسىچە ئۇنى چەكلىشىمىز زۆرۈر. نېمە ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەر قانۇنلىرىدا بۇ ئىشلارنى چەكلەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ نەرسىلەرنىڭ تەرەققىياتى بەك تېز بولۇپ كەتكەن، پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىدا چوقۇم چەكلەش رايونى بولۇشى كېرەك. گەرچە ھەر قايسى دۆلەتلەردە بۇنداق چەكلەنگەن رايونلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، بەزى مەسىلىلەر (مەسىلەن، ئەدەپ-ئەخلاققا ئوخشاش) دە ئوبدان ئويلانماي، پۇختا تەييارلىق قىلماي تۇرۇپلا ھېلىقىدەك چەكلەنگەن رايونلارغا ئالدىراپ-سالدىراپ بۆسۈپ كىرمەسلىكىمىز زۆرۈر.

## بىز شۇ تاپتا پەن-تېخنىكىنىڭ قىسىلچىقىدا قېلىۋاتىمىز

قائىدە بويىچە، پەن-تېخنىكا بىزنىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىمىزگە ھەمدەم بولىدىغان نەرسە. ئەمما مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ھازىر ئۆزۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى تۇرمۇش ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ قىسىلچىقىدا قېلىۋاتىمىز. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى مۇھىم تونۇش. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىشنى، زامانىۋى تۇرمۇش قانداقسى بىزگە زورلاپ تېڭىلىپ قالدى؟ بىز ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قوغلىشىۋاتامدۇق-قانداق؟ دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەي: قارايدىغان بولساق، مۇھىتنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىۋاتىدۇ. مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىغا پائال ئىشتىراك قىلىۋاتقان بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۇ زامانىۋى تۇرمۇش شەك-

لىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن زىيانلىق دەپ قارايتتى، ئەمما يې-
قىندا، ئۇ ماشىنا ئاپتوموبىل سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
ئېيتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ھازىر زامانىۋى نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىستېمال قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن،
ئۇنىڭغا: «كونىۋىي مۇھىت ئاسراشنى تەشەببۇس قىلىدىغان
ئادەم يەنە نېمە دەپ ئاپتوموبىل سېتىۋالماقچى بولۇۋاتا-
سەن؟ قائىدە بويىچە ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق ئۈلگە
بولۇشۇڭ، بۇ ئىشلاردىن ئىمكانقەدەر ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ
كېرەك ئىدىغۇ؟» دېدىم. ئۇ: «مەن ئاپتوموبىل سېتىۋې-
لىش، يان تېلېفون، كومپيۇتېر، ئالاقە تورى دېگەنلەرنى
ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم، ھازىرقى بۇ زامانىۋى شەھەر
تۇرمۇشىدا بۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ، ئوبدان يا-
شاشقا ئامالسىز قالغانلىقىم ئۈچۈن، بۇلارنى ئىشلەتمەسلىككە
ئىلاجىم يوق» دەپ جاۋاب بەردى. «ئۇنداقتا، نېمە
ئۈچۈن بۇ زامانىۋى شەھەردە ياشايسەن؟» دەپ سورىسام،
ئۇ: «مۇھىت ئاسراشنى تەشۋىق قىلىمەن، زامانىۋىلىشىشنى
قايتۇۋاشتىن تونۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن» دەپ جاۋاب
بەردى. ئۇنىڭ جاۋابىدا بىرەر چاتاق بارلىقىنى بايقىدىڭلار-
مۇ؟ ئۇ دوستۇم ئەمەلىيەتتە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، زامانى-
ۋى تۇرمۇشنىڭ پايدىسىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
ئەسلىدە پايدىلىق نەرسە ئەمەسلىكىنى ئەيىبلەشكە ئۇرۇنۇۋا-
تىدۇ. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇنى شۇنداق
قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، ئەتراپىدىكى مۇھىت ئۇنىڭ شۇنداق قى-
لىشىنى بەلگىلەپ قويغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ خىل زامانىۋى
تۇرمۇش ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشكە ھوقۇقلۇق.

ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى نۇرغۇن زامانىۋى نەرسىلەر يۇ-
قىرىقى ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. گەپنىڭ سىرتىنى قىلغان-
دا، ئۇلار خۇددى زەھەرگە ئوخشايدۇ، بىز ئۇنى ئىستېمال
قىلىپلا قويساق، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالىمىز.
ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، بىز
ئۇنى ئىشلىتىپ سالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، ئۇنى مەدھىيەلەش
مەجبۇرىيىتىمىز بار، دەپ قارىساق بولمايدۇ. ئۇنداق دەپ
قارايدىغانلار، بۇ خىل ئوينى ئۆزگەرتىشى كېرەك. گەرچە
بەزى نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىمىزنى
ئېنىق ھېس قىلىپ كېتەلمىگەن، ئۇنى ناھايىتى رازىمەنلىك
بىلەن ئىشلىتىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ھەرۋاقىت ئاڭلىق
ھۆكۈم قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇشىمىز كېرەك. يەنى، ئا-
شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنى
بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ھەممىدىن ياخشى، ھەممىدىن مۇۋاپىق
ئەمەسلىكىنى، شۇڭغىنىسى ھازىر شۇنداق قىلماي بولمايدىغان-
لىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بەلكىم، ئۇ نەرسىلەر يوق
چاغدا، تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ بەختلىك ئۆتۈشى مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتى پەن-
تېخنىكىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، مانا بۇ ئەڭ نېگىزلىك
پرىنسىپتۇر.

جياڭ شياۋيۈەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلىدە «نەزەر»
(视野) ژۇرنىلىغا بېسىلغان، گۇاڭدوڭ ئۆلكىلىك قەرەللىك ژۇرناللار
جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى «بۈگۈنكى تەرمىلەر» (今日文摘) ژۇر-
نىلىنىڭ 2011 - يىللىق 1 - سانىدىن قاھار ئوسمان تەرجىمىسى

تىلماچ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسىدا.

# مەنسەپ بەرسەڭلار تەنقىدلەشتىن توختايمەن

بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەۋاتسام بىرى مېنىڭدىن:
«قاچانلىققا تەنقىدلەشنى توختىتىسىز؟» دەپ سورىدى.
مەن: «بۇ ئىش ئانچە تەسمۇ ئەمەس، ئاز - تولا مەنسەپ
بەرسەڭلار تەنقىدلەشتىن تەبىئىيلا قول ئۈزىمەن» دەپ
جاۋاب بەردىم. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈپ
كېتىشتى. ئارقىدىنلا پۈتۈن يىغىن مەيدانى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا
تولدى. ئۇلار: «ئەسلىدە سېنىڭ ئەمەلدارلارنى،
جەمئىيەتتىكى چىرىكلىك ۋە قاراڭغۇ تەرەپلەرنى
تەنقىدلىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئەمەلنىڭ يوقلۇقىغا بولغان
ئاچچىقىڭ ئىكەنىدە» دېيىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىراق، كېيىنكى چۈشەندۈرۈشۈم ئۇلارنى جىممىدە
قىلىپ قويدى. مەن لوڭ يىڭتەينى مىسال قىلدىم. ئۇ
ماھىيەتتە بىر تەنقىدچى، يەنە كېلىپ ھېچ كىمگە يۈز - خاتىر
قىلمايدىغان ئىلمىگەر ئىدى. ئۇ مايىڭجىئۇ تەيىپى

شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا باشلىق بولغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئوچۇق-ئاشكارا بىرەر ماقالە ئېلان قىلمىغان، ئاشكارا سورۇنلاردا بىرەر قېتىممۇ نۇتۇق سۆزلەپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ تەنقىد ماقالىسى يېزىشى، ئاشكارا نۇتۇق سۆزلىشى ئىدارە باشلىقلىق كۇرسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە داۋاملاشتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لوڭ يىڭتەينى تەنقىدلەش مەجبۇرىيىتىدىن توختىتىدىغان ئاقىلانە ئۇسۇل ئۇنىڭغا ئەمەل بېرىپتۇ. بىراق، بۇنىڭغا قاراپلا بىر ئىلىمگەرنىڭ ھۆكۈمەتنى تەنقىدلەشتىكى مۇددىئاسىنى «ئەمەل تاماسىدا تەسلىمنى قوبۇل قىلىش، بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن پايپاسلاش» دەپلا چۈشەنسەك خاتالاشقان بولىمىز.

لوڭ يىڭتەي خانىمنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئۆز چۈشەندۈرۈشى بار، مەن ئۇنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ھېسابلايمەن. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: «كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ئوخشاش بولمىغانىكەن ئۇنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىمۇ تەبئىيلا پەرقلىق بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مۇھىمى خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ياخشى ئىشلىتىپ جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھەرگىزمۇ تەنقىدچى ئەمەس، بەلكى بىر ئىجراچى بولۇشى كېرەك. ھوقۇق قولىڭىزدا بولغانىكەن، ئەمەلىڭىزنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىڭىزنى ئىپادىلەشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلىڭىز قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، ۋەزىپىڭىزگە سادىق بولۇپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي خىزمىتىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپ، ئۆز ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاشتۇر. بۇ ۋاقىتتا سىز جەمئىيەتنى تەنقىدلەش ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كېچىشىڭىز لازىم. بىراق، بىر ئىلىمگەر، بىر زىيالىي بولىدىكەن ئۇنىڭ تەبئىي ھوقۇقى جەمئىيەتنى تەنقىد قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشتۇر. ئەگەر بىر ئىلىمگەر تەنقىدلەش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ. مەمۇرلارنىڭ تەنقىدلەش ھوقۇقى بولمايدۇ، بىراق، پۇقرالارنىڭ، ئىلىمگەرلەرنىڭ، زىيالىيلارنىڭ تەبئىيلا تەنقىدلەش ھوقۇقى بولغان بولىدۇ. شۇنداق جەمئىيەتلا ئاندىن نورمال جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولغانىكەنسىز ھوقۇق قولىڭىزدا بولىدۇ. مەسىلە كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئامال قىلىپ ھەل قىلىشىڭىز لازىم، زارلايدىغان ھېچقانداق ئورۇن يوق. ئالغان رول ئوخشاش بولمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىمۇ تەبئىيلا پەرقلىق بولىدۇ. جەمئىيەت بىر كېمىگە ئوخشايدۇ، بۇ كېمىدە بەزىلەر غەۋۋاس بولسا، بەزىلەر رولچى بولىدۇ، يەنە بەزىلەر كۆزەتچى بولىدۇ. رولچىلار رەھبەرلەردۇر، كۆزەتچىلەر ئىلىمگەرلەردۇر. پاراخوت دېڭىزدا يۈرگەندە، ئەتراپ تىپتىنچ، ھەممە ئامان-ئېسەن بولسا كۆزەتچىنىڭ ھاۋانىڭ شۇنداق ياخشىلىقى، پاراخوتنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈۋاتقانلىقى، ھەممىنىڭ تىنچ ئىكەنلىكىگە مەدھىيە ئوقۇشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. بىراق، دېڭىزدا قارا بوران چىقىپ شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، يوشۇرۇن خادا تاشلار ھەيۋە قىلغاندا، خەتەرلىك ساھىللارغا دۇچ كەلگەندە كۆزەتچى چوقۇم دەل ۋاقتىدا سىگنال بېرىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا دېڭىز سەپىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر كۆزەتچى خەتەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ سىگنال بەرمىسە، ئۇنداقتا ئۇ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولىدۇ. ئەگەر كۆزەتچى خەتەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، رولچى ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىسا بۇ رولچىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى بولىدۇ. كۆزەتچى رولچى بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭ سىگنال بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ پەقەت يۈرۈش لىنىيەسى ۋە بېرىلگەن سىگنال بويىچە دېڭىز سەپىرىنى ياخشى داۋاملاشتۇرۇپ بىخەتەرلىككە كېپىللىك قىلسىلا بولىدۇ.

ھوقۇقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە بۇ ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلار مۇبادا خالىغانچە «تەنقىد» كالتىكىنى پۇلاڭلاتسا ھەمىشە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

گېزىت-ژۇرنال ئاۋامنىڭ پىكىر سەھنىسى. ئۇ تەنقىد ئاۋازىنى ئاڭلىتىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئارتقان.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى لىنكولىن ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەنقىدىنى ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت بۇ كالىنىڭ بەدىنىدىكى كۆككۆيۈن (ئىت چىۋىنى)گە ئوخشاتقان. گەرچە كۆككۆيۈن كالىنىڭ كاسىسىنى چاقسىمۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇنى قانىتىۋەتسىمۇ، بىراق، بۇ كالىنى ھورۇنلۇق قىلغۇزمايدىغان بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ئامېرىكىدا بۇ خىل ئەنئەنە

ئۈزۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن
ئامېرىكىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى جېففېرسوننىڭ
مۇنداق بىر جۈملە مەشھۇر سۆزى بار: «ھۆكۈمەت
بولمىسىمۇ گېزىت بولسۇنكى، گېزىتسىز ھۆكۈمەت
بولمىسۇن.» ئەلۋەتتە، ھەم ھۆكۈمەت ھەم گېزىت بولسا
ئەڭ ياخشى بولىدۇ، بىراق، ئىككىسىدىن چوقۇم بىرىنى
تاللاشقا توغرا كەلسە، ھۆكۈمىتى بولمىغان گېزىت،
گېزىتسىز ھۆكۈمەتتىن مىڭ ياخشى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ
قارىشىچە گېزىتسىز ھۆكۈمەت قارا جەمئىيەتكە ئوخشايدۇ.
بۇ خىل ھوقۇق ئاقىۋەتتە لىۋاتەندىكى غەلىتە مەخلۇق (ئىن-
جىلدا تەسۋىرلىنىدىغان رەزىل مەخلۇق) قا ئايلىنىپ دۆلەت
ۋە ئاۋامغا تۈگىمەس بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھوقۇق
ئۈچۈق- ئاشكارا بولمىسا بۇ خىل ھوقۇق ئىنتايىن رەزىل
بولىدۇ. بۇنداق ھوقۇقنى يامان ئىش قىلىشقا ئىشلەتمىسە
يەنە نېمىگە ئىشلەتكىلى بولسۇن؟

بىر جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت بولماي گېزىت بولسا قالاي-
مىقان بولسىمۇ ئۈنچىلىك قورقۇنچلۇق بولمايدۇ. شىمالىي
مىلىتارىستلار دەۋرىدە پۈتۈن مەملىكەت دېگۈدەك ھۆكۈ-
مەتسىز ھالەتتە ئىدى. بىراق، شۇ چاغدا نەچچە خىل
راۋرۇس گېزىتلەر بار ئىدى. مەسىلەن: «كېنەز گېزىتى»،
«خەۋەرلەر گېزىتى»، «نۇر گېزىتى» دېگەندەك. شۇنىڭ-
دەك يەنە بارماقتا توختىغۇدەك بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېتلار-
مۇ قۇرۇلغان ئىدى. لۇشۈندەك مائارىپ مىنىستىرلىقىدىكى
ئادەتتىكى بىر ئەمەلدار كىچىككىنە بىر ئىش سەۋەبىدىن شۇ
چاغدىكى مائارىپ مىنىستىرى قوشۇمچە ئەدلىيە مىنىستىرى
جاڭ شىجيەن بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ئۇنى يېڭىپ چىققان
ئىدى. بۇنداق ئەدلىيە دېلو مىسالى كېيىنكى مىنگو دەۋرىدە
ياكى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە بولسۇن تېخى ئۇچراپ باققىنى
يوق.

ئەمەلىيەتتە، ماڭا مەنسەپ بېرىڭلار دېيىش رېئاللىققا
ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەر مەنسەپ ئۈچۈن يۈزىنى
تاختىبىشىغا ئېلىپ قويىدىغان دەۋردە، بەزىدە «لياڭشەندى-
كىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش»كىمۇ ئىمكانىيەت يوق.
يەنە كېلىپ بەزى جايلاردا ھەممە ئەمەل- مەنسەپنىڭ
نەرخى- باھاسى پىچىپ قويۇلغان. كىچىككىنە ئەمەل ئۈ-
چۈنمۇ بەزىلەرنىڭ بېلى نەچچە قېتىملاپ پۈكۈلىدىغان
تۇرسا، ئۇنىڭغا شۇنچە ئاسان ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ شۇڭا
ماڭا مەنسەپ بېرىڭلار دېگەن قىياس پۈت دەسسەپ تۇرا-
ماسلىقى مۇمكىن. بىراق، مەسئۇلىيەتچان، ۋىجدانلىق با-
زىيالىينىڭ ئۆزىنىڭ تەنقىدلەش بۇرچىنى لوڭ يىگىتەي خا-
نىمنىڭ بەش يىل مەدەنىيەت ئىدارىسىغا باشلىق بولغىنىدا
توختىتىپ قويغىنىدەك توختىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن
ئەمەس.

شۇ شىلياڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلى «دەۋر پوچتىسى»
ژۇرنىلىغا بېسىلغان. «سەرخىل فېليەتونلار» ژۇرنىلى 2011 - يىللىق
3 - سانىدىن مۇھەممەت ھۇسەن تەرجىمىسى.

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسىپ- تېخنىكا ئىنستىتۇ-
تىدا.

# ئامېرىكىلىق باللار نەسىردىن ئەپەندىنى چۈشەنمەيدۇ

سەي جېنى

مەن خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىۋاتقان سىنىپتا 12 - 13
ياشلارغا كىرىپ قالغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىل-
لىقىدىكى ئامېرىكىلىق باللار ئوقۇيتتى. دەرسلىك ماتېرىيا-
لىم جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتى مەخسۇس چەت ئەللىك ئوقۇغۇ-
چىلار ئۈچۈن تۈزگەن بىر يۈرۈش 12 قىسىملىق خەنزۇ تىلى
دەرسلىكى ئىدى. ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى «ئەپەندىمنىڭ
قازان ئۆتنە ئېلىشى» دېگەن لەتىپىنى دەرس قىلىپ ئۆتكەن
ئىدىم.

لەتىپىدە ئەپەندىم پومېشچىك قوشنىسىدىن قازان
ئۆتنە ئالىدۇ. قازاننى قايتۇرغاندا يەنە بىر كىچىك قازاننى
قوشۇپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. پومېشچىك ھەيران بولۇپ:
«سەن مەندىن بىر قازان ئۆتنە ئېلىۋېدىڭ، ئەمدى ئىككى
بولۇپ قايتۇغۇ» دەپ سورايدۇ. ئەپەندىم قازاننى ئۆيىگە
ئېلىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قازاننىڭ كۆزى يورۇپ بىر

قازان تۇغقانلىقنى، شۇڭا بالا قازاننىمۇ بىللە ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پومېشچىك ناھايىتى خۇشال بولۇپ بۇنىڭدىن كېيىن قاچان قازان لازىم بولسا سوراشنى تاپىلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەپەندىم پومېشچىكنىڭ چوڭ قازىنىنى ئۆتنە ئېلىپ كېتىدۇ. بىراق شۇ ئېلىپ كەتكەنچە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. پومېشچىك قازاننى ئالغىلى بارسا ئەپەندىم قازان ئۆلۈپ كەتتى، دەيدۇ. پومېشچىك ناھايىتى غەزەپلىنىپ: «قازانمۇ ئۆلەمدۇ» دەپ سورايدۇ. «قازان تۇغسا بولىدىكەنۇ، ئۆلسە بولمامدىكەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئەپەندىم. پومېشچىك بەك غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئىلاجسىز قالىدۇ.

تېكستنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تەھلىل قىلدۇق، باللارنىڭ بەرگەن جاۋابى ئەپەندىم ھەققىدىكى ئىلگىرىكى تەسىراتلىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

مۇئەللىم: بۇ تېكىستكە قارىتا چۈشەنمىگەن يېرىڭلار بارمۇ؟

ئوقۇغۇچى: قازان دېگەن نېمە؟

مۇئەللىم: قازان ئائىلىلەردە تاماق ئېتىدىغان سايمان.

ئوقۇغۇچى: قازان ئائىلىدە تاماق ئېتىدىغان شەخسىي مۈلۈك تۇرسا، ئەپەندىم نېمە دەپ باشقىلاردىن قازان ئۆتنە ئالىدۇ؟

مۇئەللىم: ئەپەندىم يوقسۇل بولغاچقا ئۆيىدە ئىشلەتكۇدەك قازىنىمۇ يوق، شۇڭا ئۆتنە ئېلىشقا توغرا كەلگەن.

ئوقۇغۇچى: ئۇنداقتا پومېشچىك دېگەن نېمە؟

ئوقۇتقۇچى: پومېشچىك دېگىنىمىز يېزىلاردىكى قول ئىلكىدە بار، باشقىلارنى ياللاپ ئىشلىتىدىغان زېمىندارلارنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئەللىم: سىلەر بۇ لەتىپىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭلار؟

ئوقۇغۇچى: بۇ لەتىپىنى ھەم ئاۋۇ ئىككى ئادەمنى پەقەتلا ياقتۇرمىدىم. بۇ تېكست دەرسلىككە كىرگۈزۈلمىسە بوپتىكەن، باللارنى يامان ئۆگىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئوقۇتقۇچى: نېمىشقا؟

ئوقۇغۇچى: بۇ لەتىپىدىكى ھەر ئىككى ئادەم سەممىيەتسىز ئىكەن.

ئوقۇغۇچى: توغرا، ئۇلار ئالدامچى، ئاچ كۆز.

ئوقۇغۇچى: قارىماققا ئەپەندىم دېگىنى ئەقىللىكتەك كۆرۈنىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن دۆت ئادەمكەن. ئۇ خەقنىڭ كونا چوڭ قازىنىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈنلا شۇنچە باش قاتۇرۇپ كىچىك قازاننى بېرىدىغان ھىيلىنى ئويلاپ چىقىپتۇ.

ئوقۇغۇچى: ئەپەندىمنىڭ نامراتلىقنى باھانە قىلىپ قازان سورىشى ئەمەلىيەتتە ھارامتاماقلىق قىلىش ئۈچۈن ھىيلە ـ نەيرەڭ ئويدۇرۇش. ناۋادا ئۇ باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلغان بولسا ئۇرغۇن قازانغا ئىگە بولغان بولاتتى.

ئوقۇغۇچى: شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ كىچىك قازاننى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن پۇلنى يىغىپ، شۇ پۇل ئارقىلىق ئىشلەپ پۇل تاپقان بولسا گەپ يوق چوڭ قازان سېتىۋالالىغان بولاتتى، باشقىلارنى ئالداپ نېمە قىلىدۇ؟

مۇئەللىم: ھەم، دېگىنىڭلار توغرا، تىرىشىپ ئىشلەپ ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆزى تېپىش ئادەم بولۇشنىڭ يولى.

ئوقۇغۇچى: ئۇ ئەمدى يەنە باشقىلاردىن بىر نەرسە ئۆتنە ئالماقچى بولسا ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۆتنە بەرمەيدۇ.

ئوقۇغۇچى: شۇنداق، ئۇ باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەنىكەن ئىناۋەتتىن قالدى دېگەن گەپ.

مۇئەللىم: ئېيتقىنىڭلار ناھايىتى ئورۇنلۇق. ئادەم جەزمەن ئىناۋەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، بۇ بەك مۇھىم. ۋاقتىلىق، ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ ئىناۋەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدۇ.

مۇئەللىم: ئەمدى پومېشچىككا بولغان قارىشىڭلار قانداق؟

ئوقۇغۇچى: ئۇ بەك ئاچ كۆزكەن، ئەپەندىم قوشۇپ قايتۇرغان قازان ئەسلىي ئۇنىڭ بولمىغاندىكىن ئالماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئوقۇغۇچى: ئادەمىيلىك ئۆلچىمىگىمۇ چۈشمەيدىكەن، ئۇنىڭ پۇلى بولغاندىكىن نامراتلار قازان سوراپتۇ، بىراق ئۇ نېمىشقا ئارتۇق ئېلىۋالىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ باي بولغاندىن كېيىن نامراتلارغا ياردەم بېرىشى، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك ئىدى.

مۇئەللىم: توغرا ئېيتتىڭلار، بىز باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئويلىشىمىز، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىگىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاچ كۆزلۈكتىن ئاگاھ بولماسلىق بولمايدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ: «ئاچ

كۆزلۈك ئۆلۈمگە ئاپىرار» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزى بار. نۇرغۇن يامان ئىشلار ئاچ كۆزلۈك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

كىچىك چاغلىرىمدا مەن بىلىدىغان نەسىردىن ئەپەندى قالتىس ئەقىللىك، دائىم پومېشچىكلارنى ئەقىل-پاراستى بىلەن مات قىلىدىغان باتۇر ئەجايىپ شەخس ئىدى. مانا ئەمدى ئامېرىكا تەربىيەسىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ مەككار، دۆت، ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئەستايىدىل كۆزەتسەك ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ھېلىقى پومېشچىكلار ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى، مالايلارغا شەپقەتسىز مۇئامىلىدە بولىدۇ، نامراتلارنىڭ غەزىپى كەلسىمۇ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. پەقەت ئەپەندىملا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ ئۇلارنى رەسۋا قىلىش ئارقىلىق نامراتلارنىڭ دەردىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئاۋام پۇقرا ئېزىلىشكە، بۇلاڭتالاڭغا، خورلۇققا ئۇچرىغاندا ئەپەندىم ئاۋام پۇقرادىن ئىبارەت ئاجىزلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كۈچلۈكلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئىسيانكاردۇر.

«ئاچ كۆز ۋە تاش يۈرەكلىك»، «بايلارنى قەتلى قىلىپ بايلىقىنى ئېرىشىش» جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىش بولسا كېرەك.

ئامېرىكىلىق بالىلار قانۇن-تۈزۈمى مۇكەممەل بولغان جەمئىيەتتە ياشايدۇ. ھەر كىمنىڭ تىرىشىپ ھالال نېسىۋىلىك بولۇشىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. نەيرەڭۋازلىق، ئالدامچىلىق، ئىشەنچتىن مەھرۇم قېلىش بۇ يەردە ئاللىقاچان تۈكۈرۈپ تاشلانغان ئىش. لەتىپىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىلمىسە ئامېرىكىلىق بالىلار ھەقىقەتەن ئەپەندىمنى چۈشىنەلمەيدۇ.

## ئەنگلىيەلىك بالىلارنىڭ ئون چوڭ باياناتى

ئەنگلىيەلىك بالىلارنىڭ ئون چوڭ باياناتى بار. بۇ ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تۈزۈلگەن باياناتنىڭ جۇڭگولۇق ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلىشىگە نىسبەتەن جىق پايدىسى بار.

**1. «ساغلام چوڭ بولۇش مۇۋەپپەقىيەتتىنمۇ مۇھىم»**

بالىلارنى تەربىيەلەشتە تۈرلۈك ھوقۇقلار بولىدۇ، ئالايلۇق، نەپەسلىنىش ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، ئارنومۇس ھوقۇقى دېگەندەك... بۇ ھوقۇقلارنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. بالىلارغا يەنە بىخەتەرلىك ھوقۇقىنىمۇ ھېچكىمنىڭ تارتىۋالالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىمىز كېرەك. بىخەتەرلىك ھەممىدىن مۇھىم.

**2. «ئادەمنىڭ ئىچ كىيىم، كۇسار بار يەرلىرىنى بېرىسىنىڭ تۇتۇشىغا رۇخسەت يوق»**

بالىلار بەدىنىنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك، بەدىنىنىڭ كىيىم بىلەن ئورالغان مەلۇم جايلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىگە،تۇتۇپ بېقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**3. «ھاياتلىق بىرىنچى، مال-دۇنيا ئىككىنچى»**

بالىلىرىمىزغا زوراۋانلارغا يولۇققاندا باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىشنى ياكى زوراۋانلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىشنى دەپ قويۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇن زوراۋانلار قاردىماقتا ۋەھشىيدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قورقۇنچاق كېلىدۇ. شۇڭا بالىلار بىرلىشىپ «ئەبلەخ» دەپ توۋلىسا قورقىنىدىن بەدەر تىكىۋېتىشى مۇمكىن. ئالمادىس ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغىدەك بولسا بالىلارنىڭ كۈچى ئاجىز كەلگەنلىك ۋەجىدىن ئىتائەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بالىلىرىمىزغا ھاياتلىقنىڭ ۋېلسىپىتتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇشىمىز كېرەك.

**4. «مەخپىيەتلىكنى ئاتا-ئانىغا ئېيتىش»**

مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر ئىش بولسا ئاتا-ئانىغا ئېيتسا، ئۇنى ئەيىبلىمەيدىغانلىقىمىزغا يەنە كېلىپ ياردەم بېرىدىغانلىقىمىزغا كاپالەت بېرىشىمىز كېرەك.

**5. «يات كىشىلەر بەرگەن ئېچىملىكنى ئىچمەسلىك، يات كىشىلەر بەرگەن تاتلىق-تۈرۈملارنى يېمەسلىك»**

يات كىشىلەر بەرگەن ئېچىملىكنى ئىچمەسلىك، يات

كىشىلەر بەرگەن تاتلىق ـ تۈرۈملارنى يېمەسلىك كېرەك. با ـ لىلارنىڭ زەھەرنى، ھاراق ـ تاماكىنى قەتئىي رەت قىلىش ھوقۇقى بار.

**6. «ناتونۇش كىشىلەر بىلەن گەپلەشمەسلىك»**

بالىلارنىڭ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن گەپلەشمەسلىك ھوقۇقى بار. ناتونۇش كىشى بالىغا گەپ قىلماقچى بولغاندا بالا ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالسا ياكى قېچىپ كەتسە بولىدۇ. ناتو ـ نۇش كىشى ئىشىك چەكسە ئاڭلىماي تۇرۇۋالسا، ئىشىكنى ئاچمىسا بولىدۇ. باللىرىمىزغا ناتونۇش كىشىلەرگە پەرۋا قىلماسلىقنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، چۈنكى كىچىك بالىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى دەپ قويۇشىمىز كېرەك.

**7. «خەتەرگە دۇچ كەلگەندە ئەينەكنى چېقىۋېتىش ـ كە، ئائىلە جابدۇقلىرىنى بۇزۇۋېتىشكە بولىدۇ»**

بالىلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر قانداق تۈزۈم، چەكلىمىلەرنى بۇزۇشقا ھوقۇقلۇق. باللىرىمىزغا جىددىي ئەھۋالدا ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا، ئادەمنى تېپىشكە، چىشلەش ـ كە ھەتتا ئەينەكنى چېقىشقا، ئۆي جابدۇقلىرىنى بۇزۇشقا بولىدىغانلىقىنى دەپ قويايلى. سىماگۇاڭنىڭ سۇ ئىدىشىنى چېقىشى بۇنىڭ يارقىن مىسالى.

**8. «خەتەرگە يولۇققاندا ئالدىدا قېچىپ كېتىشكە بولىدۇ»**

يامان ئادەملەرگە، يەر تەۋرەشكە، ئوت ئاپىتىگە يولۇق ـ قان بالىلار قەتئىي جانىنى ساقلاش ئۈچۈن قېچىشى كېرەك. چوڭلارنىڭ يول كۆرسىتىشىنى ساقلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

**9. «ئەسكى ئادەملەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلى ـ ماسلىق»**

باللىرىمىزغا بىرسىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ھەققى ـ دە قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەسكى ئادەملەرنىڭ مەخ ـ پىيەتلىكىنى جەزمەن ئاتا ـ ئانىغا دېيىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ قويايلى. بۇنداق مەخپىيەتلىكنى ھەرگىز كۆڭلىدە ساقلاشقا بولمايدۇ.

**10. «ئەسكى ئادەملەرگە يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ»**

ئەسكى ئادەملەرگە دۇچ كەلگەندە راست گەپ قىلمى ـ سىمۇ بولىدۇ. چېچەنلىك بىلەن تاقابىل تۇرغاندىلا ياخشى بالا بولغىلى بولىدۇ.

## 100 نومۇر ئالغۇم يوق

كىچىك چېغىمدا ئائىلىمىز بەك نامرات بولغاچقا توققۇز ياشقىچە مەكتەپكە كىرەلمىگەن ئىدىم.

دادام دائىم جىياڭ غوجايىنىنىڭ ئۆكرە كېسىش زاۋۇتىغا ياردەملىشىپ ئازراق پۇل تاپاتتى. بىر قېتىم دادامغا ئەگە ـ شىپ زاۋۇتقا بارغىنىمدا زاۋۇتتىكى چوڭلارنىڭ شالاپلىتىپ ئۆكرە ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قورسىقىم ئېچىپ غولدۇر ـ لاپ كەتكەن بولغاچقا ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدىم. ئۇلار مېنىڭ ھالىمغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈ ـ شۈپ كەتتى: «يىگىت، بىرىنچى سىنىپقا تىزىملىتىش باشلان ـ دى، چوپچوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق مەكتەپكە بارماپ ـ سەنغۇ، ئۆكرە ئىچكىنىمىزگە قاراپ تۇرساڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولالامسەن ـ يا؟» دېيىشتى ئۇلار. ئىچ مىجە ـ زى كۆچلۈك دادام ئەھۋالنى كۆرۈپ قولۇمدىن سۆرىگەن ـ دەك قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

تت ـ تت بولۇپ دادامغا تۆۋلىدىم:

ــ دادا، ئۆكرە ئىچىمەن.

دادام بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي مېنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ ئوقۇشقا تىزىملاتتى.

ئوقۇش باشلاندى:

ــ ساڭا ئېنىقنى دېسەم ئوغلۇم، ئىككىمىز كېلىشىۋا ـ لايلى، ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا يۈز نومۇر ئالساڭ ئۆكرە ئېتىپ بېرىمەن، ــ دېدى دادام جىددىي تەلەپپۇزدا.

يېشىم چوڭ بولغاچقا ئەقلىي ئىقتىدارىم 7 ـ 8 ياشلىق ساۋاقداشلىرىمغا قارىغاندا ياخشى ئىدى. شۇڭا ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا يۈز نومۇر ئالاتتىم. ھەر قېتىم يۈز نومۇر ئالغان ئىمتىھان قەغىزىمنى ئېلىپ ئۆيگە بارغىنىمدا دادامنىڭ كۆلقە ـ قەلىرى ئېچىلىپ دەرھال ئۆكرە ئېتىپ بېرەتتى. غەلىتە يېرى ھەر قېتىملىق ئۆكرىنىڭ چۆپى يېپيېڭى ھەم ئىسسىق بولۇپ دادام تېزلىك بىلەن پىشۇرۇپ مەن بىلەن سىڭلىمغا بىر قاچىدىن ئۇسۇپ بېرەتتى.

بىر قېتىم ئۇگرەمنى ئىچىپ بولۇپ قورسىقىمنىڭ تويمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قارىسام دادام يەنە بىر قاچا ئۇگرىنى ئۇسۇپ قويۇپ تېخى ئېلىپ كەتمەپتۇ. دەرھال بىر نەچچە چوكىنى قاچامغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن چوكامنى قاچىغا ئۇزاتتىم. ئەمما چوكامنى قاچىغا سالغان چېغىمدا قاچىنىڭ ئۈستىدىكىسىنىڭ ئۇگرە، ئاستىدىكىسىنىڭ كاۋا توغرالغان گۆرۈچ ئېشى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.

ھاڭ-تاڭ بولۇپ، چوكامنى قويدۇم-دە، سىرتقا چىقتىم. ئانامدىن بۇ ئۇگرىنى دادامنىڭ نەدىن ئەكەلگەنلىكىنى سورىدىم. ئانام:

— بالام، داداڭ سېنىڭ ئۇگرىگە ئامراقلىقىڭنى بىلىدۇ. بىراق ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا، داداڭ ئۇگرىچى جاڭ ئائىلىسىگە ئىشلىشىپ بېرىدىغان ئەمما پۇل ئالمايدىغان، سەن يۈز نومۇر ئالغاندا ساڭا يېڭى ئۇگرە ئېلىپ ئىچكۈزىدىغانغا كېلىشكەن، — دېدى ئانام ئۇھ تارتىپ.

ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆز يېشىم تاراملاپ ئاقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىمتىھاندا زادىلا يۈز نومۇر ئالمىدىم. ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا بىرەر مەسىلىنى قەستەن خاتا ئىشلەيتتىم. بىراق كېيىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ دادامنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلاندىم.

«باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار تەتقىقاتى، كىچىك ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 9-سانىدىن ئەسقەر ياسىن تەرجىمىسى

# خوتەنلىك ئۇيغۇر

چۆەن پېڭفېي

## تۇپراققا ئوخشايدىغان ئۇيغۇر

كىملا شىنجاڭغا كەلسۇن ھەققىي ئۇيغۇرنى كۆرۈشنى ئىستەيدىغىنى يوق.

ئەل ئارىسىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قەشقەر بىلەن خوتەندە» دېگەن گەپ بار. ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى قەشقەردە، يېزا-قىشلاقلىرى خوتەندە. سانائەتلىشىش ھە دەپ ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇستىبىشىنى تەكلىماكاننىڭ توپا-چاڭلىرى قاپلىغان خوتەن ئۇيغۇرلىرى سىيى ئۆزىدىن «غەربىي دىيارلىقلار» ئىكەنلىكىنى نامايان قىلالايدۇ.

خوتەنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ جاسارەتلىك ۋە ئۈمىدۋارلىقىنى ئالتە يىل بۇرۇن گۇمىنىڭ كۆكتىبرەك دېگەن يېرىدە بىلگەن ئىدىم. ئاشۇ توكسىز قاراڭغۇ كېچىدە قۇم بوران كېچە قويىندىكى ھەممىنى سۈپۈرۈپ كېتىدىغاندەك گۈركىرەيتتى. مەن ياتاقنىڭ بولۇڭىدا يوتقانغا يۆگىنىپ ۋەھىمە ئىچىدە قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتۇپ پەرياد چېكەتتىم. تۇساتتىن ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات ھارۋىسىدىكى مىس قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنى، بىر ئەرنىڭ خىرقىراپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھارۋا يىراقلاپ كەتتى، بوراندىكى ناخشا ئاۋازى كېچە باغرىدا ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن بولساممۇ مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق كېچىدە بىر ئەرنىڭ قىزغىن، ياڭراق ئېيتىلغان ناخشىسى مېنى يېڭى بىر قورۇقلۇقنى تېپىۋالغاندەك ھەيران قالدۇردى ۋە ھۆرمىتىمنى قوزغىدى.

خوتەنلىكلەر تارتار بەك جاپا،
يەيدۇ بىر كۈندە نەچچە جىڭ توپا.
كۈندۈزى يېگىنى يەتمىگىنىدەك،
كېچىسىمۇ ھەم توپا يەر ئۇدا.

قوشاقتا ئېيتىلغاندەك قۇم بوران ئىچىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى نەقەدەر جاپالىق. ئىچكىرىدىكىلەر ھەر كۈنى ھويلا-ئارامنى مۇنداقلا سۈپۈرۈپ قويسا كۇپايە، ئەمما خوتەندە ھەر كۈنى قۇمنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا ناھايىتى جىق كۈچ كېتىدۇ. ئەرلەرنىڭ دوپپىسى بىلەن ئاياللارنىڭ ياغلىقى ئۇزاقتىن بېرى ئۇلارنىڭ قۇم-توپىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان باش كىيىمى بولۇپ قالغان.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى تۇپراقنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چوڭ بىلىدۇ. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە، ئۆز ئاغزى بىلەن تېتىمىسا ھېچكىممۇ قىزىرىپ پىشقان، خۇش ھىدلىق كاۋاپنىڭ توپا ۋە شورىدىن پۈتكەن تونۇردا پىشۇرۇلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ھېچكىممۇ ئۇيغۇرلار-

نىڭ دائىملىق يېمەكلىكى ناننىڭ ئاشۇ قەلئەگە ئوخشايدىغان تونۇردا پىشۇرۇلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر چارۋىچىلارنىڭ قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرۇپ يەيدىغان كۆمەچ دەيدىغان ئامراق يېمەكلىكى بار. ئۇلار ئالدى بىلەن يەرنى كولاپ، توغراق ئوتۇنلىرىنى يېغىپ كېلىپ ئورەككە تاشلاپ ئوت ياقىدۇ. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن گۆش قىيمىلىق خېمىرنى كۆلگە كۆمۈپ پىشۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كۆمەچ يېگەن ئادەم بىر كۈن ھېچنېمە يېمىسىمۇ ماغدۇردىن كەتمەيدىكەن.

بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلار يۇيۇلغان كىر-قاتلىرىنى قۇمغا يېيىپ قۇرۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. يىراقتىن قارىغاندا چوڭ - كىچىك، رەڭمۇرەڭ، تۈرلۈك - تۈمەن كىيىملەر ئابستراكت سىزمىلارغا ئوخشاپ جىمجىت ۋە غېرىب بىلىنىدىغان قۇملۇقتا رەڭدار تۈس قوشۇپ ئاجايىپ جازىبىدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. زېمىن ۋە قۇياشنىڭ ھىدى سىڭگەن بۇنداق كىيىمنى كىيگەندە ئادەمنىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ ئاشسا كېرەك. ئۇلارنىڭ بىنادا ئولتۇرۇشنى خالىماي ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىدىكى سەۋەبمۇ شۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئەي، نىيە خارابىلىقلىرىدىكى ساپالغا ئوخشاش ساددا، سەممىي خوتەنلىك ئۇيغۇر، سىلەر قۇملۇقنى شۇ قەدەر سۆيىسىلەر، زېمىننى شۇقەدەر چوڭ بىلىسىلەر، قۇم-توپىلاردىن مېھرىڭلارنى ئۈزەلمەيسىلەر، ئەجەبا تەڭرى بىلەن ئادەم بىر گەۋدە دېگەن ھەققەت سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا پۈتكەنمىدۇ؟

## گۈلگە ئوخشايدىغان ئۇيغۇر

قۇملۇقتا ياشاۋاتقان خوتەن ئۇيغۇرلىرى گۈزەللىككە شۇقەدەر ھېرىسمەن، گۈلنى ياخشى كۆرۈش ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. گۈللەر جەنۇبنىڭ قۇمساڭغۇ توپىلىرىدا ئۆسۈپلا قالماستىن ئۇلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىدا، تام - تورۇسلىرىدا، تامغا ئېسىلغان گىلەملىرىدىمۇ گۈل بار. ئاشۇ قايناق بازاردىكى گۈل كەشتىلەنگەن دوپپىلار، توپ - توپ ئەتلەسلەر خۇددى ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن رەڭدار بۇلۇتلارغا، باغدىكى تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەرگە ئوخشاش كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ، تەسۋىرگە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. قاشتېشى، يىپەك، گىلەم قايسىسى بولسۇن گۈلدەك پۇراق ۋە تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ.

## تېپىشماقتا ئوخشايدىغان ئۇيغۇرلار

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ۋاڭ چۇنخۇا خانىم خوتەننى بىرەر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇچرىغانلا ئادەمگە خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بەكمۇ ئاق كۆڭۈللۈكىنى، مېھماندوستلۇقىنى، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن مۇلايىملىق، پاكلىق، ئاددىي - ساددىلىقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈردى. بىراق ۋاڭ خانىم بىر ئىشقا تولىمۇ ھەيران: ئەجەبا، بۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئانچە باياشات ئەمەسكەنۇ، بارىنىڭ ھەممىنى مېھمانغا تۆكىدىكەن؟

كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرى يەشمەك تەس تېپىشماققا ئوخشايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تېپىشماقنى يېشىش يولىدا توختىماي باش قاتۇردى. بىر قېتىم مەن شىئەنگە بېرىپ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىگەن بىر ساۋاقدىشىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ بىر دوستى مېنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ پالاقلاپ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بىر تالاي سوئالنى ياغدۇرۇۋەتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىرپىكى نېمىشقا ئۇزۇن؟ ئۇيغۇر قىزلىرى ئۇسسۇل ئوينىسا بويىنىنى قاقىدىكەن، بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ كەينى - كەينىدىن دەۋاتقان سوئاللىرىغا تاقەت قىلىپ بولالماي مۇنداقلا جاۋاب بېرىپ قويدۇم: «شىنجاڭنىڭ قۇم-توپىسى كۆپرەك، كىرپىكنىڭ ئۇزۇن بولۇشى مۇشۇ قۇم-توپىلارنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ ئۇنداق ئەمەس، قۇم - بورانغا دۇچ كەلسەڭلار تۆگەشكىنىڭلار شۇ.» دوغلاق، پاكار بىرى بويىنىنى قېقىشنىڭ مەنىسىنى دەپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. مەن بىلمەيمەن، دېدىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزنى يۇيۇش ئۇسۇلى مېنى ئويغا سالاتتى. بىر نەچچە قېتىم ئۇيغۇر دوستۇمغا: «سىلەرنىڭ ئۈۋرىق بىلەن يۈز يۇيۇشۇڭلار بەك كالانپايغۇ» دەپ چاقچاق قىلدىم. بىراق ئۇ دوستۇم: «بۇنداق يۇغاندا مەينەت سۇ ئېقىپ كېتىدۇ. ھەر بىر يۇيۇشىمىزدا يېڭى سۇ بىلەن يۇيىمىز. سىلەرگە ئوخشاش داسقا سۇ جىقلاپ مەي-

نەتىلىشىپ كەتكەن سۇ بىلەن يۈز يۇيۇپ يۈرمەيمىز،
ئېيتىپ باقە ئىككىسىدىن قايسى پاكىز؟» دېدى پەرۋاسىز-
لىق بىلەن. ئۇ مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى كۆرۈپ قوشۇما
قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ: «ئېيتىپ باقە بىز ئۇيغۇرلاردىن يە-
راقنى كۆرەلمەي كۆزئەينەك تاقايدىغانلار قانچىلىك؟
يالاڭ قاپاقلار قانچىلىك؟» دېدى.

راست، ئۇلاردا كۆزئەينەك تاقايدىغانلارنىڭ، يالاڭ
قاپاقلارنىڭ ئاز بولۇشىدىن باشقا كىچىكىدىن تارتىپ
ئۇسما ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ چاچلىرىنىڭ
قويۇق ھەم پارقىراق بولۇشىمۇ ئادەمنى ئويلاندۇرماي
قويمايدۇ.

## ناخشىغا ئوخشايدىغان ئۇيغۇرلار

ۋاڭ لوبىڭ ئىجاد قىلغان «داۋانچىڭ» دېگەن ناخ-
شىدا مۇنداق مىسرالار بار: «سوراپ بېقىڭ قەمبەرخانىم
ئەرگە تېگەمدۇ؟ ئەرگە تەگسە ماڭا تەگسۇن، مەندە دۇنيا
بار، سىڭلىسىنى ئېلىپ يەتسۇن كەتكەن ھارۋىغا» بۇ
يەردە ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە بار، ئۇ بول-
سىمۇ نىكاھلانغان ھەدە نېمە دەپ سىڭلىسىنىمۇ بىللە ئېلى-
ۋالىدۇ؟

ئۇيغۇرلاردا يېڭى توي قىلغانلار ئادەتتە چوڭراق
ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ مېھمانخانىسى ۋە
يوتقان - كۆرپىلىرى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنداق بولۇ-
شىدا بىرىنچىدىن، مېھمان كۈتۈشنى كۆزلىگەنلىكىدىن،
ئىككىنچىدىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارانلار بىلەن
بەزمە - مەشرەپ قىلىشقا قولاي بولۇش ئۈچۈندۇر. خو-
تەنلىكلەر: «ئۇيغۇرلار مېڭىشنى بىلگەن ھامان ئۇسسۇل
ئوينايدۇ، تىلى چىققان ھامان ناخشا ئېيتىدۇ» دېيىشىدۇ.

دەرۋەقە ئۇيغۇرلار تۇغۇلۇشىدىنلا ناخشا - ئۇسسۇل-
غا ماھىر ھۆججەيرىگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا
ناخشا - ئۇسسۇل بولمىسا مۇكەممەل بولمايدۇ. ناخشا -
ئۇسسۇل ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىس-
مىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ياخشى يېرى بۇ ناخشا - ئۇسسۇل-
لار ئادەمنىڭ، مەيداننىڭ، ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرى-
مايدۇ. مەيلى كىم، قانداق يەردە، قانداق ۋاقىتتا بولسۇن
ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلسە ئوينايدۇ، ناخشا ئېيتقۇسى
كەلسە ئېيتىدۇ. ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ مەنبەسى تۇرمۇش ئە-
كەنلىكى بۇ يەردە تولۇق ئەكس ئېتىدۇ.

ناخشا - ئۇسسۇل ئىچىدىكى كەڭ قورساق، ئۈمىد-
ۋار خوتەن ئۇيغۇرلىرى تۇرمۇشى ھەرقانچە جاپالىق بول-
سىمۇ يەنىلا تۇرمۇشتىن لەززەت ئالالايدۇ.

«بېيجىڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 11 - سانىدىن
ئەسقەر ياسىن تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆ-
لۈمىدە.

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇر-
نىلىمىزغىلا تەۋە، تورغا چىقىرىشقا، تopلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىن-
مايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈش-
تۈرۈلىدۇ.
2. ئەسەرلەردە ئېلان قىلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان
كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىيات-
لار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن
بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.
3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەت-
كەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇس-
خىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت - ژۇرنال، نەشرىيات-
لارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك.
بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى
ئىشلىتىلمەيدۇ.
4. يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز
ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت،
مۇنچىنچى كەنت دەپ سان - رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت
ئورناتقان يەر - جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلى-
شى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.
5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلى-
كىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت
ئەمەس. ژۇرۇر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇق-
لاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ.
شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى
كېرەك.
7. يوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپ-
تورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇس-
خىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# باشسۇن تەبىئەت!

سەلىمە.ئا. كامال

« تەبىئەت ــ دۇنيادا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغان تەربىيەچى، ئۇنىڭ تەربىيەلەش دائىرىسى ئىنتايىن چەكسىز، تەربىيەلەش مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەربىيەلەش ۋاستىسى ئىنتايىن كۆپ. »

يالقۇن روزى

مەن ئۆزۈم تەبىئەتنى چەكسىز سۆيىدىغانلاردىن. ئالتاينىڭ ئالتۇندەك، ئىلىنىڭ جەننەتتەك تاغلىرىنى ۋە ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرلۈك، بەشكىرەمنىڭ ئانارلىق باغلىرىنى، سوقما تامدىن ماراپ ئېچىلغان لەيلىگۈلنى، ئارغى بۇلاقنىڭ قاقاس تاغلىرىنىمۇ، تۇرپاننىڭ يالقۇنتاغلىرىنىمۇ ... گۈللەرنى، ھەتتا ياۋا كۆكاتلارنىمۇ؛ كاككۇك، بىلەن بۇلبۇلنىلا ئەمەس، يېقىمسىز سايراپ، بىزنى خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان توك قاغىلارنى ـ سېغىزخانلارنىمۇ سېغىنىمەن. كىچىكىمدە ئات مىنىپ، گۈركىرەتمىدىكى خامانلاردا ئوينىغىنىم، موزايلارنى مىنىپ، تالاي قېتىم يىقىلغىنىم، كۈچۈكۈم «ماشكا»نى بېقىپ ئۇنىڭدىن شادلىق، دوستلۇق كۆرگىنىم تېخى يادىمدا تۇرۇپتۇ. بەلكى كىچىكىمدە ئىلى دەرياسىنىڭ كەڭرى، گۈزەل، باي ۋادىسىدا قىيغىتىپ ئويناپ ئەركىن ئۆسكەنلىكىمدىن، تەبىئەتكە ھەركۈنى باغرىمنى يېقىش پۇرستىم بولغانلىقىدىن، ئۇنى كۆزىتىش ـ چۈشىنىش پۇرستىم كۆپ بولغانلىقىدىن شۇنداقتۇر. ئىلى دەرياسى بويىدىكى بېغىمىزغا بېرىش ئۈچۈن شەھەردىكى ھويلىمىزدىن چىقىپ «ئۈچ دۇكان»، «تۆت دۇكان» مەھەللىلىرىدىن ئۆتۈپلا كەڭرى دالىغا قەدەم قوياتتۇق. بەزىدە دادام خادىك بىلەن بىزنى ئېلىپ باراتتى، بەزىدە پىيادە باراتتۇق. « 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ» تىن ئۆتۈپ، « ھەسەن تاڭگا»نىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە بېغىمىز كۆرۈنەتتى. يەنە ئازراق مېڭىپلا، بېغىمىزنىڭ ئالدىدىكى ھارۋا يولىغا چىقاتتۇق. ئوت ـ چۆپ لىقىدە بېسىلغان لەمپىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىش بىلەنلا، ئاتلار تېخى توختىماي تۇرۇپ، خادىكتىن ئۆزىمىزنى ئېتىپ باغقا يۇگۇرەيتتۇق.

قىش كېتىپ باھار كەلگەندە، ياۋا گۈللەر: چىغىرتماق (كاككۇك گۈل) گۈللەر، مامكاپ ـ سېرىق چېچەكلەر يەردىن باش كۆتۈرگەندە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈتلەر ... چېچەكلىگەندە بېغىمىز خىيالىي جەننەتتەك ياسىنىپ كېتەتتى. مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەك تۆكۈپ، چىغىر يوللارغا ئاق، ھالرەڭلىك پاياندازى سالاتتى. سېرىنگۈللەر غۇژمەك ـ غۇژمەك پورەكلەپ، ماي ئېيى كىرىش بىلەنلا «ھۆپپىدە» ئېچىلىپ كېتەتتى. سېرىن ھىدىغا تويۇنغان ئىلى دەريا ۋادىسى ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ماكان ئىدى. قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل پەسلىدە كېچىلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئىپار ـ ئەنبەرلىك ساپ ھاۋاغا، سەھەرلەردە بولبۇل ناۋاسىغا غەرق بولاتتۇق... تېكەس تاغلىرىغا قىلغان بىر قېتىملىق ئائىلىۋى ساياھىتىمىز ھازىرغىچە ئېسىمدە. تېكەستە ئاپامنىڭ ئاپىسى، ئىنىسى بار ئىدى.

بىر يازدا ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن يايلاۋدا دەم ئېلىشقا

## تەبىئەت، ئادەم ۋە كېلەچەك

ماگدۇق. بىز 10 چە كالىنى، بىر مۇنچە قويلىرىمىزنى پادىچىغا ھەيدىتىپ، ئۆزىمىز ئۈچ ئات قوشقان بىرىچكا ھارۋىمىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ئوتتۇردا دادامنىڭ ئەتىۋارلىق ئىتى — چىلانتورۇق رەڭلىك قەدەم تاشلاپ، بويندىكى 35 دانە مىس قوڭغۇراقنى (ئەسلىدە 36 ئىدى، مەن بىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ، كۆچۈكۈم ماشكانىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان، بىرىچكىدا ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ئىدىم) جاراڭلىتىپ مەردانە يورغىلايتتى. ياندىق ئاتلارنىڭ دادام يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يۇيۇپ، تەكشى قىلىپ بىر يانغا چۈشۈرۈپ تارىغان ياللىرى تىترەپ تۇراتتى. ياندىق ئاتلارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى بېشىنى ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپتىكىسى سول تەرەپكە تاشلاپ، تاغ شامىلىنى كۆچلۈك تۆشى بىلەن يېرىپ ئىلگىرىلەيتتى. ياندىق ئاتلارنىڭ بىرى پۈتۈنلەي ئاپپاق بولۇپ، قارامتۇل قاشقىسى ناھايىتى روشەن ئىدى. ئۇ خۇددى كىنولاردا ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرىدىغان ئاق ئارغىماقلاردەك پاكىز ۋە گىگانت ئىدى. ياماتۇ دېگەن جايدا ئاتلىرىمىز، بىرىچكىمىز، كالا- قوي ۋە پادىچى بىلەن بىللە كېمىگە چىقتۇق. تېكەس دەرياسىنىڭ جىمجىت سۈيىدە ئىككى قىرغاقتا تۇتاشتۇرۇلغان توم- توم ئارغامچىلاردا غىلدىرلاپ سۇرۇلۇۋاتقان غالتەكلەرنىڭ ياردىمىدە ئاستا- ئاستا قارشى قىرغاققا سىلجىدۇق. مەن كېمىنىڭ چېتىدە تۇرۇۋېلىپ، زۇمرەتتەك سۇغا قارىسام، ئاسماندىكى پارچە- پارچە ئاق بۇلۇتلار سۇدىمۇ ئۈزۈۋېتىپتۇ. كېمە توختىغاندا بىز يەرگە ئەمەس، گويا بىپايان يېشىل پاياندازغا قەدەم باسقاندەك بولدۇق. شۇ كۈندىكى تاغ، ۋادا، سۇ، كېمە، قوي پادىلىرى... ھەققىدە، بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ دەم ئالغىنىمىز، ئاپامنىڭ قېمىزنى كۆپ ئىچىپ ئىككى مەڭزى گۈلدەك قىزىرىپ، توختىماي كۈلۈپ، ئۇيغۇرچە، رۇسچە ناخشىلارنى ئېيتىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە يازسام كىتابلار توشقۇدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىز ئاساسىي تېمىدىن يىراقلاپ كەتمەيلى. كېيىنچە تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئاپام ئۆزىنىڭ كۈنەس ئارالتۆپە يايلىقىدا ياشىغان باللىقى ھەققىدە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: بالام، مەن 8 ياش ۋاقتىمدا ئاتا- ئانام بىلەن قورغاس ئارقىلىق رۇسىيە تەۋەسىدىن قېچىپ كەلگەن. چۈنكى ئۇ تەرەپلەردە بىلىملىك ئىنسانلارنى قەستلەش، بولۇپمۇ بايلارنى باستۇرۇش، مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆلۈمگە بۇيرۇش، سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىش ... ئەۋج ئالغان ئىدى. بىز كاتتا ئۆيلىرىمىز، كەڭ باغلىرىمىز، مال- ۋارانلىرىمىزدىن ئايرىلغاندا ئېغىلدىكى ماللارغا يەم- بوغۇز تاشلاپ بېرىپ، يايلاقتىكى چارۋىمىزنى قازاق مالچىمىزغا بېرىۋېتىپ، ئۆينىڭ ئىشىكلىرىنى تاقىماي، ئادەم باردەك ھالدا چىراغ يېقىپ قويۇپ، بىر قازاق پادىچىمىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن جاننىلا ئېلىپ قاچقان ئىدۇق. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ 4 بالىسى ئارقا- ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، مەنلا تۇرۇپ قالغان ئىكەنمەن. شۇڭا ئاتا- ئانامغا مېنىڭ ئامانلىقىم ئەڭ مۇھىم ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئىلى تەۋەسىگە ئامان- ئېسەن كېلىۋالغاندىن كېيىن دادام كۈنەس ئارالتۆپىدە بىر بال فېرمىسىنى قۇردى. نۇرغۇن- نۇرغۇن ھەسەل ھەرىسى ساندۇقلىرىمىز بار بولدى. دادام بىر رۇسنى ئىشچىلىققا ياللىدى. ئۇ ھەرىلەرنى باقاتتى، ھەسەل يىغىپ كاچايىت قىلاتتى ( چوڭ- چوڭ ئىدىشلارغا ھەرە كۆنىكىدىن يىغىۋېلىنغان ھەسەللەرنى تۆكۈپ، پالاق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پىششىقلاشنى ئاپام كاچايىت دەيتتى). ھەسەل تەييار بولغاندا دادام چاققان- چاققان ئىدىشلارغا ئۆلچەملىك قاچىلاپ، خېرىدارلارغا ئۆتكۈزەتتى. ساندۇقلىرىمىز كۆپىيىپ، كىرىمىمىز ئاۋۇپ، ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىپ كەتتى. رۇسىيەدىن ئىسسىق جېنىمىزنى ئېلىپ كېلىپ، ئىلىنىڭ تاغ- ئورمانلىرىدىن بەرىكەتكە ئېرىشكەن ئىدۇق. رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەلگەن نۇرغۇن رۇس ئاھالىسىمۇ ئىلىنىڭ مۇنبەت تاغلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى، ھەتتا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، بالىلىرىنى نورمال مائارىپ تەربىيەسىگە ئېرىشتۈرەلىگەن ئىدى. دادام مېنى شۇ رۇسلارنىڭ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ چاغدا ئاشۇ تاغ ئارىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭمۇ مەكتەپ فورمىسى بولىدىغان. قىزلار كەرىشنۇاي كۆڭلەك كىيىپ، يازدا ئاق، قىشتا قارا پەرتۇق تاقايتتۇق. ئۇيغۇر، رۇس، قازاق، موڭغۇل باللار بىللە ئوقۇيتتۇق. ھەر كۈنى دوستلىرىم ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى كىچىك تۆپىلىككە چىقىپ: ئا... ئۇ ... رەھىمە ... ئا ... ئۇ ... دەپ مېنى چاقىراتتى. بىز مەكتەپكە بارغىچە ساۋاقداشلارنى ئاشۇنداق يىغىپ ماڭاتتۇق. بىر كۈنى مۇئەللىم بىزگە:

— مەكتەپتىن ئىككى كىلومېتىرچە يىراقلىقتا بىر ئالمىزارلىق بار ئىكەن. ئەتە ھەممىڭلار بىردىن سېۋەت، بىردىن سۇپۇرگە ئېلىپ كېلىڭلار، بىز ئالما تېرىپ كېلەيلى، — دېدى.

— بۇ قىشتا ئالما نېمە ئىش قىلسۇن، مۇئەللىم! — دەپ چۇرقىراشتى باللار.

— بارغاندا كۆرىسلەر، بۇ ھازىرچە سىر، — دېدى مۇئەللىم. ئەتىسى قار قېلىن بولغاچقا ئۇ يەرگە تەستە يېتىپ

www.uyghurkitap.com

باردۇق. مۇئەللىم بىزگە:

ــ مانا، مۇشۇ مەن كۆرسەتكەن جايدىن باشلاپ قارىنى سۈپۈرۈڭلار، ــ دېدى، بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق. ئالما دەرەخلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتكەن ياۋا ئالمىزارلىقنىڭ مۇئەللىم كۆرسەتكەن يېرىدىن باشلاپ سۈپۈردۇق.

ــ ئوخۇي، مۇنۇ ئالما ئامبىرىنى كۆرۈڭلار، ــ باللار بىر نەچچە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا چۇرقىراشقىلى تۇردى. بىر قەۋەت قېلىن قار ئاستىدىكى قويۇق ئالما ياپراقلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ قالغان قىپقىزىل ئالمىلار تەجرىبىلىك باققال بىر تال ـ بىر تالدىن تىزىپ چىققاندەك يۇمشاق چۆپلۈكتە سېسىماي ، چىرىماي، خۇددى ئامباردا تۇرغاندەك بېجىرىم تۇرغان ئىكەن. بىز خۇشاللىقىمىزدىن چۇرقىرىشىپ تاغنى بېشىمىزغا كىيدۇق.

ــ ئا ... ئۇ ... ئالما، ما نا بىرى، مانا ئەڭ چوڭى، مانا بەنە يوغان بىرى! .... ــ چۇرقىرىشاتتۇق بىز.

دادام ياز كۈنى چېچەك قوغلىشىپ ھەرە ساندۇقلىرىمىزنى يۆتكىتىپ تۇراتتى. كېيىنكى يىلى ئاشۇنداق بىر ياۋا ئالمىزارلىقتا ياغاچتىن يازلىق ئۆي ياسىغان ئىدۇق. ئالما شاخلىرى ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىگە ئېگىلىپ تۇراتتى. بەزى كېچىلەردە ئېغىر گۈرسۈلدىگەن ئاياغ تىۋىشى كېلەتتى ـ دە، ئۆگزىمىزگە چىقاتتى، بۇنداق چاغدا ئۆيىمىز غاراسلاپ كېتەتتى، قانداقتۇر بىر كۈچلۈك قوللار ئالمىنى قاتتىق ئىرغىتاتتى. ئالمىلارنىڭ توكۇرلاپ ئۆگزىگە، ئۆينىڭ ئەتراپىغا تۆكۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ياتاتتۇق. ئەتىسى چىقىپ مەن بىر تالمۇ ئالما تاپالمايتتىم.

ــ ئاخشام ئايىۇ كەپتۇ ـ دە (چوڭلار ئۇ چاغلاردا ئېيىقنى ئايىۇ دەيتتى)، باللىرىغا ئالما يىگۈزۈپ كېتىپتۇ، ــ دەيتتى دادام نۇرغۇن ئېيىق ئىزلىرىنى ساناپ، دادام ھېچقاچان ئۇلارنى قوغلىمايتتى، گەرچە ئۆيىمىزدە قوغدىنىش ئۈچۈن ملتىق ساقلىساقمۇ، ئەمما بىزگە زىيان سالمىغان ھەر قانداق ھايۋاننى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىتىپمۇ ئاتمايتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، تېرىسىنى سويۇۋېلىپ پۇل قىلىش، مېيىنى ئېلىپ دورا قىلىش ... دەيدىغان خىيال كاللىسىدا بولۇپ باقمىغان ئىدى، ــ بالام، مەن بالىلىقىمدا كۆرگەن كونەس تاغلىرى ئوزۇق، مېۋە مول، سۈيى مول، ھاۋاسى ئېسىل بىر جاي ئىدى. ئۇ چاغدا تاغلار، ئورمانلار ئادەملەرگىمۇ، ھايۋانلارغىمۇ، ئۇچار قۇش ۋە ھاشاراتلارغىمۇ ئېسىل پاناھ جاي بولالايتتى.

ئاپام بۇ يىل 84 ياشقا كىردى، تاكى ھازىرغىچە بىرەر يىلدا بىر قېتىم ئارالتۆپە تاغلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇ يەردە ياۋا گۈللەرنى پۇراپ ـ پۇراپ چېكىسىگە قىسىدۇ، بالىلىقىدىكى ساپ تەبىئەتنى ئىزدەيدۇ، سېغىنىدۇ، سۆزلەيدۇ ھەتتا يىغلايدۇ...

«مەلۇم بىر رايوندىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۇچار قۇشلار، جان ـ جانىۋارلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇشى شۇ رايوندىكى ئىنسانلارنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى، تەبىئەت كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.» ئانا يۇرت تاغلىرىنى ئاسراپ، بىزگىچە گۈزەل ھالىتىدە ساقلىغان، بىزگە تەبىئەت مىراسى سۈپىتىدە قالدۇرغان ئانامغا، ئانامنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىز ھەققىدىكى مۇشۇنداق تەسىرلىك ھېكايىلەر ئەل ئىچىدە ناھايىتى كۆپ. مۇنداق دەرسلىك، مۇنداق سۆيگۈ ئەگەر مۇشۇ زېمىننىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىدىن بولسىڭىز يۈرىكىڭىزنى تىترەتمەمدۇ ؟ يۇرت سۆيگۈسىنىڭ ئارامسىز پىراقلىرى ۋۇجۇدىڭىزنى كۆيدۈرمەمدۇ ؟

شۇ قېتىملىق تېكەس سەپىرىدىن كېيىن دادام ـ ئانام بىللە كەزگەن تاغلار، باغلار ساياھىتىدىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە كەڭ، گۈزەل، باي بۇ زېمىنىنىڭ، سۆيۈملۈك بىر يۇرتنىڭ قىزى بولغىنىمدىن ئىپتىخارلىنىپ ياشاپ كەلدىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانام مېنى تەبىئەتكە ئاپارمىغان، تەبىئەتنى سۆيۈش، ئاسراشنى ئۆگەتمىگەن، شەھەردىكى ئۆيىمىز بىلەن مەكتىپىم، تاشلەپكە بىلەن ئوردا مەھەللىسى، سېپىل ياقىسى ... ئارىسىغىلا قويۇپ بەرگەن بولسا، خېلى چوڭىيىپ، بېشىم قاتقىچىلا «ۋەتەن دېگەن مۇشۇ» دەپ ياشاۋەرگەن بولاتتىمكەن، كېيىن ئۆزۈم نۇرغۇن قېتىم تېكەس تاغلىرىدا تاڭبالىدا، چاچى ساياھەت رايوندا... مۇخبىرلىقتا، ساياھەتتە بولدۇم، ئەمما كۆزۈمگە تاغ، ئورمانلار بۇلغانغان، ۋەيرانلاشقاندەك، قۇمدەك تولا ئادەملەر ئايۇلارنى يىراقلارغا قوغلىۋەتكەندەك، ئادەملەر تاغلارنىمۇ غاجاپ يەۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى. خۇددى كۆزۈمگە مەخسۇس لوپا ئەينەك تاقىۋالغاندەك بۇلغانغان تەبىئەت ماڭا ئېنىق كۆرۈنۈۋېلىپ، مېنى ئازابقا سالدى. بۇ ئازاب، كىچىكىمدە ئاتا ـ ئانام ماڭا كۆرسەتكەن گۈزەل، ئەتىۋارلانغان تەبىئەت سىماسىنىڭ قەلبىمدە ساقلانغان ئوبرازىغا بۈگۈنكى قىياپىتىنى سېلىشتۇرۇشتىن قانائەت تاپمىغانلىقىمدىن تۇغۇلسا كېرەك. شۇڭا زىيارەت داۋامىدا يازغانلىرىم تەبىئەت ئانىمىز ئۈچۈن ياش تۆككەن « مۇھىت ئېڭىمىزغا ئەسلەتمە»، « ئادەملەر، تاغلارنىمۇ يەۋەتمەڭلار» كەبى ئاچچىق چاقىرىقلاردىن ئىبارەت بولدى. ئويلاپ باقسام بالا ۋاقتىمدا ھەم ئائىلىدە، ھەم مەكتەپتە تەبىئەتنى سۆيۈش، ئاسراش دەرسى تەكرار ـ تەكرار

ئۆتۈلگەن ئىكەن. ھۆرمەتلىك مەننان مەنسۇر مۇئەللىم گەرچە فىزىكا، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ، ئەمما بىزنى پات-پات تەبىئەتكە باشلاپ بېرىپ، تەبىئەت بايلىقلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، جانلىقلار، ھەتتا كىچىك ياۋا ئوت-چۆپلەر توغرىسىدىمۇ بىزگە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەتكەن ئىدى. بۇ بىلىملەر مېنىڭ قەلبىمدىن ھېلىمۇ ئۆچكىنى يوق. شۇڭا مەنمۇ بالىلىرىمنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ، تەبىئەتنى چۈشىنىشى، تەبىئەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش پۇرستى تېپىشىغا كۆپ قېتىم چارە-ئامال قىلدىم.

دادامنىڭ بىرىچكىسى، خادىك ھارۋىسى، بىزنى تەبىئەتتىن ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز خىزمەت قىلغان چەلانتورۇق ئېتى مەندە يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىز ئامال-چارە تاپاتتۇق. يازكۈنلىرى كېلىشى بىلەنلا ھەر يەكشەنبە دېگۈدەك بالىلارنى ئېلىپ ئۆيىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان «ھايۋانات باغچىسى»غا باراتتۇق. ئۇ يەردە نۇرغۇن ھايۋانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەپەستە سولتىيىشىپ ياتسىمۇ ھەر ھالدا تىرىك بولغاچقا كىتابلاردىكى رەسىم ھايۋانلار، كارتون فىلىملەردىكى دىنازاۋۇرلارغا قارىغاندا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلەيتتى. بالىلىرىم غايەت زور سىم قەپەس ئىچىدىكى قاقشال «دەرەخ»لەرگە قونغان، پەيلىرى چۇشۇپ بەدىنى ئېچىلىپ قالغان بۇركۈتلەرگە ئىچ ئاغرىتىشاتتى. كۆل ئەتراپى، غاز، ئۆردەكلەر، دەل-دەرەخ، گۈللەر ئارىسىدا بالىلار يايراپ كېتەتتى. تېخىمۇ شوخلىشىپ، تېتىكلىشىپ كېتەتتى، سوربغان سوئاللارنىڭ كۆپلىكىدىن دادىسى بىلەن ئىككىمىز جاۋابقا ئۈلگۈرەلمەي قالاتتۇق. بىز تەتىل مەزگىلىدە بالىلارنى غۇلجىنىڭ تاغلىرىغا ئېلىپ باردۇق. بىر قېتىم كىچىك قىزىم تېخى 4 ياشقا كىرمىگەندە ئەينى يىللىرى مەن دادامنىڭ بىرىچكىسىدا بارغان تېكەس تاغلىرىغا بالىلىرىمىزنى ئېلىپ جىپ ماشىنىدا باردۇق، ئاجايىپ گۈزەل كۆكسۇ يايلىقىدا بالىلىرىم ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا چېپىپ راسا ئوينىدى. قىزىم مۇقەددەس مېنىڭ ياغلىقىمنى چىگىۋېلىپ، قۇچاق-قۇچاق ياۋا گۈل تېرىپ ماڭا تەقدىم قىلدى. ئوغلۇم بىلەن كىچىك قىزىم ئاتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى. ئاخىرى ئات مىنىپ ئويناپ پۇخادىن چىقتى. بالىلىرىم شۇ قېتىم ئاشۇ تاغلاردا چۈشكەن رەسىملىرىنى ئەتىۋارلىشىدۇ. تاغلاردىن ئالغان خۇشاللىقلىرىنى، تەسىراتلىرىنى زوق بىلەن ئەسلىشىدۇ.

قىش كۈنلىرى ئۈرۈمچىنىڭ بالىلىرى ئۆيگە سولىنىپلا قالىدۇ. سەھرا بالىلىرى تېخى تۆت پەسىلدە تەبىئەتنى بىۋاستە كۆرەلەيدۇ، تەبىئەتكە باغرىنى ياقالايدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇلار تېخى تەلەيلىك. شۇنداق بولغاچقىمكىن مەن ھازىرغىچە ئېگىز بىنالارنىڭ ئىچىدىكى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆيلەردە چوڭ بولغان بىرەر بالىنىڭ بوكس ياكى چېلىشىش دېگەندەك ئېغىر تەنتەربىيە تۈرلىرىدە داڭ چىقارغىنىنى ئاڭلىمىدىم. سادىر پالۋان موللاتوختىيۇزىنىڭ دالالىرىدا تۇغۇلۇپ، ئاشۇ زېمىندا پالۋانلىق تاجىنى تاقىغان، غېنى باتۇر قاش دەرياسىنىڭ ئەركەك سۈيىنى ئىچىپ «بىر ئاتنى دەس كۆتۈرۈپ» يۈگۈرىيەلەيدىغان، دۈشمەننى توشقاننى بوغقاندەك بوغۇپ تاشلىيالايدىغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق باتۇر ئاتالغان بولسا، بوكس تۈرىدە 91 كىلوگراملىقلار شاھى — ئابدۇشۈكۈر قورغاسنىڭ ئاپتاپلىق ئېتىزلىقلىرىدا قېيغىتىپ يۈرۈپ، بەدىنىنى چىڭ تاۋلىغان يىگىت ئىدى...

گېپىمىزگە كەلسەك، قىش-سوغۇق ۋە ئۇزاق، سېھىرلىك ۋە گۈزەل بىر پەسىل. ئۇنداقتا شەھەر بالىلىرىمۇ ئېگىز بىنالاردىن چىقسۇن، ئاتا-ئانىلار چارە-ئامال تېپىپ، بالىلارنى قىشلىق تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىلەندۇرسۇن. چارە تېپىلارمۇ؟

ئۆيىمىز ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، قىشلىق تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىشتا شەھەر مەركىزىدىكىلەردىن ئەۋزەلرەك شارائىتىمىز بار ئىدى. دەل-دەرەخلەر ئايىغى قار دەرەخلەرگە ئايلانغان كۈنلەردە بالىلىرىم چانىسىنى سۆرەپ چىقىپ، مەكتەپ كۆلىنىڭ سەل ئېگىزرەك گىرۋەكلىرىدىن پەسكە سىيرىلىپ ئوينىشاتتى. ئوغلۇم بەزىدە خۇددى مېنىڭ كىچىك چېغىمدىكىدەك كەڭرەك، سىلىق ياغاچنى پۇتىغا دەسسىۋېلىپ قار تېيىلاتتى. بالىلىرىم قاردا دومىلاپ، يىقىلىپ-قوپۇپ، يۈزلىرى توغاچتەك قىزارغان، قورساقلىرى ئېچىپ ھالىدىن كەتكەن ھالدا پەيدا بولاتتى. بىر كۈنى دادىسى بىلەن بىر مەسلىھەتنى پىشۇردۇق-تە، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە سۇپۇرگە، گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۆلنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى قېلىن قارنى سۈپۈردۇق ئوھۇي! كۆپكۆك مۇزنىڭ يۈزى ئېچىلدى، ئاجايىپ «ئۆلچەملىك» بىر مۇز مەيدانى ياساۋالدۇق، بالىلار ئۈچۈن سېتىۋالغان ئاياغلىق كانكىلارنى كىيدۈرۈپ، قوللىرىدىن يېتەكلەپ كانكىدا مۇز تېيىلىشنى ئۆگەتتۇق. بالىلار «جاق! جاق!» قىلىپ كۆك مۇز ئۈستىگە يىقىلاتتى، لېكىن ھېچكىم قاقشىمايتتى، دەرھال قوپۇپ يەنە تېيىلاتتى، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئەر-ئايال ئىككىمىزنىڭ قار كۈرەپ، بالىلارنى مۇز تېيىلدۇرۇپ يۈرگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ بىزگە مەدەت بەردى، بەزىلىرى: ھەي، ئەخمەقلەر، نېمە ئاۋا-

رىچىلىك، بۇ! دېيىشىپ ھەيران بولۇشتى. ئەمما بىز پەيلىمىز-
دىن يانمىدۇق. ئىككىنچى شەنبە، يەكشەنبە يېتىپ كەلگەندە
ئۇرغۇن بالىلار «بىزنىڭ مۇز مەيدان» ىمىزغا يوپۇرۇلۇپ كې-
لىشتى، يىللاردىن بۇيان قىش كەتكىچە مۇڭلىنىپ، سوغۇق تار-
قىتىشنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن كۆل بالىلارنىڭ شادلىق باغ-
چىسىغا ئايلاندى. تاكى قىش كەتكىچە بالىلىرىم دوستلىرى
بىلەن بىللە كۆل ئۈستىدە تەبىئەتنىڭ قىشلىق ھۇزۇرىنى
سۈردى، چېنىقتى، تەبىئەتنىڭ قىشلىق بىلىملىرىنى ئۆگەندى.
تەبىئەتكە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنى چۈشەنگەنسېرى بالىلىرىمنىڭ
مۇھىتقا، جانىۋارلارغا بولغان تەلپۈنۈشى كۈچەيدى. بىز
ئۇلارغا ئۆيدىمۇ تەبىئەتنىڭ بىر «بىر بۇرجىكى» نى ياسىدۇق.
يەنى، كىچىك قىزىمنىڭ تەلىپى بىلەن كاكتۇس گۈلى باقتۇق،
پىكۇس قىش ـ ياز چوڭ تەشتەكتە ياشىرىپ تۇردى. بالكوندا
نامازشام گۈلى ھەرىلى «ھۆپپىدە» ئېچىلىپ تۇردى. تامغا
يېزا مۇھىتى سىزمىسى، بېلىقچى بالا، سازلىقتىكى ئاق قۇلار
سۈرەتلىرى ئېسىلغان يېرىم ئالاھىدە بىر قىشلىق تەتىلدە دادى-
سى غۇلجىدىن قايتىشىدا تۇغۇلغىنىغا بىر ھەپتە بولغان كۈچۈكنى
قوينىغا سېلىپ ئەكېلىپ بالىلارغا تەقدىم قىلدى. بالىلار ئۇنىڭغا
«زېرەك» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇنى يۇيۇش، ئوزۇقلاندۇ-
رۇش، ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىش ... لەرگە راسا ئەستايىدىل كې-
رىشتى، ئەپسۇسكى ئۆيىمىز بىنادا بولغانلىقى ئۈچۈن يېرىم
يىلدىن كېيىن يېزىدىكى بىر ەيلەنگە بېرىۋېتىشكە توغرا كەلگەن-
دە بالىلارنىڭ كۆزى قىيماي تەستە ئايرىلغان ئىدى. بىز بالىلى-
رىمىزغا مۇشۇنداق ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك تەبىئەت دەرسى
ئۆتۈشنىڭ بارلىق ئامالىرىنى سىناپ باقتۇق. بالىلارنىڭ تەبى-
ئەتنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇشىغا شارائىت يارىتىشقا تىرىشتۇق.

سىناقلىرىمىز تېزلا نەتىجە كۆرسەتتى. ئوغلۇم باشلان-
غۇچنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىمىز
ئۇنىۋېرسىتېت قورۇسىدا ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتاتتۇق، مالىك تۇ-
يۇقسىز قولۇمنى قويۇۋېتىپ يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىق بويى تە-
رەپكە ماڭدى، مەنمۇ ئەگەشتىم، قارىساق ئۇ يەردە نىمجان
بىر قۇشقاچ بالىسى ھالسىز قاناتلىرىنى سۆرەپ يۈرۈپتۇ،
ئوغلۇم ماڭا گەپ قىلمايلا يەرگە تىز چۆكتى ـ دە، ئۇنى ئاۋاي-
لاپ ئالقانلىرىغا ئالدى، ئۇ ماڭا:

— ئاپا بۇنى بېقىپ قوياي، يارىلىنىپتۇ، — دېدى.

مەن ئۇنى قوللىدىم، ئوغلۇم قۇشنى ئون كۈنچە باقتان-
دىن كېيىن ساقىيىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە «پۇر ـ پۇر» ئۇچقىلى تۇر-
غاندا تەبىئەتكە قويۇپ بەردى. (2006 ـ يىلى ئوغلۇم ئۇنىۋېر-
سىتېتتا ئوقۇۋاتقان چوڭ يىگىت بولۇپ قالغان كۈنلەردە، ئۇ-
رۇمچىدىكى ئۆيىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئەينى يىللاردا يازغان
كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ئاشۇ قۇشقاچقا بېغىشلانغان قۇرلارنى
ئوقۇپ ھاياجانلانغان ئىدىم.) بالىلىرىم گۈل ـ گىياھلارنى قا-
لايمىقان ئۈزمەيدىغان، قۇشلار، ھايۋانلار، جاندارلارنى ئاسـ-
رايدىغان بولۇپ ئۆسۈۋاتاتتى. ئۇلارغا تەبىئەتنى سۆيۈشنى تە-
بىئەت قوينىدا ئۆگەتكەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈۋاتاتتى.
1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر يەكشەنبە كۈنىدە ئوغلۇم ئەتىگەن
9 لاردا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن پېتى چۈشتىن كېيىن 4 لەرگە-
چە قايتمىدى، ئىزدەپ تاپالماي بەك بىئارام بولدۇق. بىر توپ
دوستلىرى بىلەن پەيدا بولغاندا كىيىملىرى لاي ـ پاتقاققا مىلەن-
گەن، پۇت ـ قولى سىلىقلىشىپ، كۆن ئۇرىدا پارقىرىغان، يۈزى
قارىداپ، جىجالغان، ئەمما ئۆزى بەك خۇشال ھالەتتە ئىدى.
مېنىڭ ئەنسىرەشلىرىم بىر تىنىن بولدى:

— ئاپا، بىز ئاقما ئېرىقتا سۇ ئۈزدۇق، يەنە چۆمۈلۈپ،
يەنە ئاپتاپتا يېتىپ، يەنە چۆمۈلدۇق. قورساق ئېچىپ ئۆلەي
دېدۇق، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئاقما ئېرىق دېگىنى ئۆيىمىزدىن 2 كىلومېتىرچە يى-
راقتىكى سۈيى ئانچە سۈزۈك بولمىغان، كەڭلىكى 2 مېتىرچە كې-
لىدىغان بىر ئېرىق ئىكەن. مەن ئۇنى ئەنسىرەشلىرىم تۆپەيلى
ئەيىبلىمىدىم:

— ياخشى قىپسەن، بالام، لاي سۇ بولسا ھېچقىسى يوق،
سالە كىيىملىرىڭنى يۇيۇۋېتەيلى، — دېدىم. يەنە بىر كۈنى ئۇ
يەنە ئۇزاق يوقاپ كەتتى. بىر چاغدا تالادىن ئوقتەك يۈگۈرۈپ
كىرىپ، مېنى چەتكە تارتتى ـ دە:

— ئاپا، بۇنى سەن يەۋالغىنا، بەك مەززىلىك. ئۆزۈم
تۇتۇپ، ئۆزۈم پىشۇردۇم، — دېدى ھەمدە چىلىك يۇمۇلغان
كىچىك ئالقانلىرىنى ئاچتى، ئالقىنىدا ئوتتا قاقلاپ، چالا پىشۇ-
رۇلغان بېلىقجان بار ئىكەن. ئوغلۇم مەن ئۈچۈن پىشۇرۇپ
كەلگەن بېلىقجاننىڭ خام ـ پىششىقىنى، كۆلگە مىلەنگەنلىكىنى
كۆرمەسكە سېلىپ يەۋەتتىم، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، پېشانى-
سىدىن سۆيدۈم. ئۇ يەنە قىيغىتىپ تالاغا چاپتى.

ئوغلۇم 10 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە مەن ئۇنى تۇرپانغا
ساياھەتكە ئېلىپ بېرىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقلىي ئىجادىيەتلى-
رىدىن — كارىز بىلەن تونۇشتۇردۇم. ئۇ يەر ئاستىدىن مۆجى-
زىدەك ئېقىپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ بويىدا كارىز ھەققىدە
ئۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى، تاختايدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى
ئەستايىدىل ئوقۇدى. ئۇ يەردە خاتىرە رەسىمگە چۈشتۇق، ئۇ

رۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ كارىز ھەققىدە زوق بىلەن
سۆزلەپ يۈردى. مەن ئۇنى تەسىراتلىرى ئاساسىدا بىر ماقالە
يېزىشقا رىغبەتلەندۈردۈم. بۇ ئارقىلىق كارىزغا بولغان چۈ-
شەنچىسىنى، مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولدۇم. كۆڭ-
كەندەك ئۇ «كارىز» تېمىلىق بىر قىسقا ماقالە يازدى. بىز
ئۇنى «ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى»نىڭ بالىلار پې-
روگراممىسىغا ئەۋەتتۇق. (بۇ ماقالىنىڭ ئارگىنالى ھېلىمۇ ئۇنىڭ
كۈندىلىك خاتىرىسىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋېتۇ.) بالىلارغا كۆزىتىش
خاتىرىسى يازدۇرۇش — ئۇلارنى تەبىئەتكە قىزىقتۇرۇش، تە-
بىئەتنى چوڭقۇرلاپ كۆزىتىش، ئۆگەنگىنىنى ئىپادىلەشكە يېتەك-
لەشتىكى يەنە بىر ئۈنۈملۈك چارە. يازمايۇ ئۆتەلمىدىمكى،
قىزىم مۇقەددەس تۇغۇلغاندا ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ گۈزەل ماي
ئېيى ئىدى، «بالىلار ئىستىراھەت باغچىسى» دىكى سېرىنگۈل-
لەر كاللەك - كاللەك غۇنچىلىغان، گۈپ - گۈپ سېرىن پۇرىقى
چاچقان بىر تاڭ سەھەر ئىدى. سېرىنگۈل — ئۇزاق ھەم ئېغىر
قارا قىشتىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئېچىلىدىغان دالا گۈلى بول-
غانلىقى ئۈچۈن (ھازىرغىچە تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگىنىنى كۆرمە-
دىم) بولۇپمۇ قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىگە ئۇلگۈرۈپلا ئې-
چىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەريىلى ئائىلىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئېچىلىشى-
نى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق، پات - پات ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ
قورۇسىدىكى سېرىنگۈل كۆچەتلىرىنى يوقلاپ تۇراتتۇق، ھەر
يىلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە نەدىن بولمىسۇن بىر دەستە سې-
رىنگۈل تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن شىرەگە تىزىپ قوياتتۇق.
بۇ بىر دەستە سېرىنگۈل ئۇنىڭغا ئاتىغان ئەڭ ئېسىل سوۋغى-
مىز بولاتتى. شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا سېرىنگۈلنى تونۇ-
دى، ياخشى كۆردى، ئەتىۋارلىدى، سېرىنگۈل ئۇنىڭ ئېڭىغا
تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر قىسمى بولۇپ سىڭدى. بۇنداق
يەكۈن چىقىرىشىمنىڭ ئاساسى بار، ئەلۋەتتە. ئۇ 18 ياشقا
كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە «سېرىنگۈل» تېمىلىق بىر نەسىر
يازدى. بۇ نەسىر ئۇنىڭ يازمىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر سەۋىيە-
لىك ئەسەر بولۇپ قالدى. شۇڭا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزى-
تى»نىڭ 2000 - يىلى 5 - ئايلىق ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىن-
دى. ھەر بىر رايونغا تەۋە كەڭرى تەبىئەت — شۇ رايوننىڭ
كەچمىشى، تارىخى بىلەنمۇ زىچ باغلانغاچقا، تەبىئەتكە يېقىنلاش-
تۇرۇلغان بالىلار تەبىئىي ھالدا تۇپراق كەچمىشلىرى، ئەجداد-
لار شەجەرىسىدىنمۇ بىرلا ۋاقىتتا خەۋەردار (كارىز ساياھىتى
مىسال) بولالايدۇ. 2003 - يىلى 7 - ئايدا قىزلار - كۈيئوغۇل-
لار، نەۋرە كېلىن - كۈيئوغۇللار، نەۋرە - چەۋرىلەردىن
بولۇپ 40 ئادەم ئاپامنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چاپچالدىكى «ئەۋلى-
يا چوققا» غا مەخسۇس زىيارەتكە باردۇق. ئۇ يەردە بىيولوگى-
يە پەنلىرى دوكتورى سىڭلىم مۇھەببەت بالىلىرىمىزغا: يۇرتىمىز
تاغلىرىنىڭ جايلىشىشى، ئىقلىم ئالاھىدىلىكى، ئۆسۈملۈك ۋە
جان - جانىۋارلارنىڭ تۈرى، تارقىلىشى، ئالاھىدىلىكى ھەققىدە
ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. مەنمۇ بىلگەنلىرىمنى قوشۇمچە
قىلدىم، ياش ئاتا - ئانىلار، نەۋرە - چەۋرىلەر كۆڭۈل قويۇپ
ئاڭلىدى، ھەتتا بەزى يالقۇنلۇق بايانلاردىن كۆز يېشى قىلىشى-
تى... بۇنداق چاغلاردا بالىلارنىڭ تەبىئەتتىن ئالالايدىغىنى ھۇ-
زۇرلا ئەمەس، ئۇلار كۆرگەنلىرىنى ئىلمىي تولۇقلىمىلىرىڭىز-
نىڭ ياردىمىدە تەپەككۇر قىلىدۇ، چەكسىز دالالاردەك كەڭرى،
جىمجىت دەريالاردەك چوڭقۇر كۆزىتىش - تەپەككۇر قىلىش
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، چېنىقتۇرالايدۇ. تەبىئەتنى سۆيۈش-
نى — ۋەتەننى سۆيۈش، تەبىئەتنى قوغداشنى — ۋەتەننى
قوغداش دەپ بىلىدۇ، مۆرىتى كەلگەندە بۇنى مەجبۇرىيەت
بىلىپ رازىمەنلىك بىلەن ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭدىن بىر
نەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىز يەنە بىر توپ بولۇپ نىلقا ناھىيەسىنىڭ
كۆلدەلەڭ يايلىقىغا كەتتۇق.

مەنزىلگە يېتىپ بارغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىز
كىگىز ئۆيلەرنى ئاران تېپىپ، سەرەڭگە يورۇقىدا يوتقان - كۆر-
پىلەرنى ئوڭشاپ ئۇخلىدۇق. ئەتىسى كىگىز ئۆيلەرنىڭ توڭ-
گۈرۈكىدىن چۈشكەن يورۇقتىن ئويغاندىم، يايلاقنىڭ سەھەر
مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن مەن كىيىنىپلا تالاغا يۈ-
گۈردۈم — دە، قونالغۇمىزدىن 200 مېتىرچە نېرىدا شارقىراپ ئې-
قىۋاتقان قاش دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشتۈم، ئۇ يەردە يېرىم سا-
ئەتچە ئايلىنىپ بالىلارنى ئويغىتاي دەپ قايتتىم، ئەمما ئۇلارنى
يوتقاندا ئەمەس، قونالغۇنىڭ ئەتراپىدا قوللىرىغا بىردىن يالتى-
راق خالتا كۆتۈرگەن ھالدا چۆپلۈكلەر، چاتقاللار ئارىسىنى قې-
دىرىپ يۈرگەن ھالدا كۆردۈم.

— بۇ يەرلەردە نۇرغۇن تاماكا قالدۇقلىرى، كونسېرۋا
قۇتىلىرى، كېرەكسىز يالتىراق پارچىلىرى بار ئىكەن. تېرىۋېتەي-
لى،— دېيىشتى ئۇلار چۇرقىرىشىپ، مەن بالىلارنىڭ ساياھەت-
نىڭ بىرىنچى قەدىمىنى تەبىئەتنى ئاسراشتىن باشلىغانلىقىدىن
بەك سۆيۈندۈم. بۇ ساياھەت رايونىنىڭ ئاشخانىسى، ئىشخانى-
سى بار بولۇپ، خادىملىرى بالىلارنىڭ ئاشخانا ئالدىدىن تاكى
دەريا بويىغىچە ئۈچرىغانلىكى ئەخلەتنى تېرىپ، توشقۇزۇلغان
خالتىلارنى ئىشخانا ئالدىغا دۆۋىلەۋاتقىنىغا قارىشىپ تۇردى.
(بالىلار ئىشخانا ئالدىغا كەلگەن ئاپتوموبىل ياكى ئات-

www.uyghurkitap.com

ھارۋىلار ئەخلەتلەرنى يۆتكۆۋېتەر، دېگەن ئارزۇدا شۇ يەرگە يىغقان ئىدى.) باللار بىر سائەتچە ئەخلەت تېرىپ پىتراپ كېتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرى تازىلىغان دائىرىنىڭ تازىلىقىدىن قانائەتلەنگەندىن كېيىنلا ناشتا قىلدى.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسى خېلى كەڭرى ئورمانلىق، كوكاتلىق ئىدى (2000 ـ يىللاردىن كېيىن بىنا سېلىندى، ھازىر ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ «دېھقانچىلىق مەيدانى» دېگەن نامىمۇ ئۇنتۇلغىلى تۇردى) ياز كۈنلىرى باللىرىم بىلەن شەنبە، يەكشەنبە سەھەرلەردە ئۇ يەردىكى چىملىقلار، ئورمانلىقلار، چاتقاللىقلاردا يۈگۈرەيتتۇق، «ئەخلەت تاغ» قا كىم بالدۇر چىقالايدۇ؟ دەپ مۇسابىقىلىشەتتۇق. كۆل بويىدا ئائىلىلىكلەرنىڭ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەخلەتلىرىدىن ياسىلىپ كۆچەتلەر تىكىلگەن بىر دۆڭ بار ئىدى، «ئۇنىڭغا ئەخلەت تاغ» دەپ نام بېرىلگەن.

21 ـ ئەسىرنىڭ تۇنجى سەھىرىدە قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى بىز ئائىلە بويىچە ئاشۇ «ئەخلەت تاغ» دا كۈتۈۋالغان ئىدۇق.

بىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم يازلىق لاگېرىمىز — ئىلى دەرياسى ئىدى. باللار بىلەن ئىلىغا باردىمۇ، چوقۇم باللىرىمنى ئىلى دەرياسى بويىغا ئاپىرىش، دەريانىڭ قىرغاقلىرىدا چۆمۈلدۈرۈشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قوياتتىم. گەرچە ئۆزۈم كىچىكىمدە سەجدىگاھ قىلىپ ئۆسكەن بۇ دەريادا، ساھىللىرىدا ئۆزگىرىش ئاساسلىقى بۇلغىنىش چوڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا تومۇزدىكى لاي ـ لاتقىلىق كەلكۈنى بىلەنمۇ، باش باھاردىكى تىنىق ئېقىنى بىلەنمۇ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمىگەن مەۋجۇتلۇقى بىلەنمۇ بىر مۆجىزە دەريا ئىدى. ھازىر باللىرىمىز تېلېۋىزوردىن سېنا دەرياسىنى، نىل دەرياسىنى، چاڭجياڭ دەرياسىنى ... كۆرەلەيدۇ. بۇ دەريالار ھەر قانچە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ بەرىبىر سۈرەتتىكى دەريالار، ھالبۇكى، ئىلى دەرياسى بويىدا يايراۋاتقان باللار كىچىك تارماق ئېقىنلاردا پىلدىرلاپ ئۈزۈپ يۈرگەن قومچاقلارنى، بىۋاستە «يەر ئاغدۇرۇۋاتقان» سازاڭنى، ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن سازاڭنىڭ ئىككىلا پارچىسىنىڭمۇ توختىماي مىدىرلاپ، ئۆزىنى يەنە يەر قوينىغا يوشۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىۋاستە كۆرەلەيدۇ ـ دە!

باللارنى تەبىئەتكە باشلاش — ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى تاللىشىغا قىلىنغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ياردەم. تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى كۆپ باللار شەيئىلەرنى دائىم كۆزىتىش، شەيئىلەرگە دائىم سوئال قويۇشقا ئادەتلىنىدۇ. دىققىتىنى تەبىئەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا يىغالايدۇ. باللارنىڭ تەبىئەت ئارقىلىق كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى — تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي پەنلەردىمۇ، يەنى، ئەدەبىيات، پەلسەپە... رەسساملىق، مۇزىكا... قاتارلىقلار ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.

1994 ـ يىلى ئاتا ـ ئانامنىڭ توي قىلغانلىقىغا 50 يىل تولغان يىل ئىدى. «ئالتۇن توي» خاتىرە كۈنلىرىگە ئاتا ـ ئانامنىڭ دەرقەمتە چېغىدا يەتكۈزگەن تەڭرىگە تەشەككۈر. مەن بۇ ئەھمىيەتلىك كۈننى ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن شۇ يىلى 7 ـ ئايدا باللىرىم بىلەن غۇلجىغا باردىم ۋە ئاتامنىڭ رازىلىقى بىلەن «ئالتۇن توي» مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلاشنى پىلانلىدىم. مەرىكىنىڭ بىر مەزمۇنىنى ئەجدادلىرىمىزغىمۇ، ئاتا ـ ئانامغىمۇ، ماڭا ۋە باللىرىمغىمۇ شاد ـ خۇراملىق، ئىشەنچ بېرىپ كېلىۋاتقان ئىلى دەرياسى بويىغا بېغىشلىدىم. شۇنداق قىلىپ «ھۆرمەتلىك X X X سىزنى ۋە خانىمىڭىزنى ھۆرمەتلىك ئاتىمىز ئابدۇلھەق ئابدۇۋەلى كامال بىلەن ئانىمىز رەخىمە غۇلامىدىن نىغمەتۇللانىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنىگە تەكلىپ قىلىمىز ...» دەپ، باغاق يېزىشقا باشلىدىم، تۇغقانلىرىمىزنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ يېقىنلىرىدىن ھېچكىم 50 يىل بىللە ياشىيالماپتۇ. خەيرىيەت 1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇغقانلار، قوشنىلار، ئاتا ـ ئانامنىڭ دوستلىرى، قىزلار ـ كۈيئوغۇللار، نەۋرە ـ چەۋرىلەرنى يىغدۇق. ئاتا ـ ئانىمىزنى قۇچاقلىدۇق، سۆيدۇق، تەبرىكلىدۇق، ئەجرىگە رەھمەتلەر ئېيتتۇق. پىكاپنىڭ ئالدىنى يېشىل رەڭلىك پورەكلىك تاۋار بىلەن زىننەتلەپ ئۇنى دادامنىڭ ئۆگەتكىنىدەك: يېشىللىق ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ، ئاتا ـ ئانىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش ئارزۇيىمىزنى ئىپادە قىلدۇق. (چۈنكى دادام: بالام، ئاق رەڭلىك كىيىم كىيگىلار، ئۇ — پاكلىقنىڭ، سەممىيلىكنىڭ بەلگىسى؛ يېشىل رەڭلىك كىيىم كىيگىلار، ئۇ — ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى؛ ئاسمان رەڭلىك كىيىم كىيگىلار، ئۇ — ئەبەدىيلىكنىڭ بەلگىسى؛ قارا كىيىمنى ئازراق كىيگىلار، قىزىل — ئوتنىڭ، يەنى شەيتاننىڭ سىماسى، ئۇنى كىيمەڭلار، دەيتتى.) تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان 8 ـ قىزىمىز ئۆزى كېلەلمەي ئانامغا تون ئەۋەتىپتۇ، تونىنى ئانامغا كىيدۈردۇق. دادام چوڭ ھەدەم ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئاق سارجا چاپان ـ شىمنى، بېغىررەڭ مانىچېستېر دوپپىسىنى كىيىپ، ئانام بىلەن قولتۇقلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ پىكاپقا ئولتۇردى. مەن ئۇلارغا: دادا، ئەمدى سىزنىڭ باللىقىڭ، ئانام بىلەن ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن بىللە ئۆتكۈزگەن

ياشلىقىمنىڭ گۇۋاھچىسى — ئىلى دەرياسى بويىغا بارايلى! دەپ ئىلان قىلدىم. ئانامنىڭ شۇ كۈندىكى شوخلۇق بىلەن چىڭ قولتۇقلىۋالغانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغان دادامنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا قورۇنۇپقىنا پىكاپقا چىققانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرىكىم سىرقىرايدۇ، چۈنكى ئاتام-ئانامنى دوستلىرى، ئەۋلادلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «كۆچۈرۈپ» ھۇجرىسىغا ئەمەس، ئىلى دەرياسى بويىغا ئاپارغىنىمىز، ئۇلار ئولتۇرغان پىكاپنى خادىك بىلەن قوغلىغىنىمىز، ئاخىرى تاقەت قىلالماي، خادىكتىن چۈشۈپ يۈگۈرەشكەنلىرىمىز، ئۇلارنى داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ، كاۋاپ تۇتالىغان ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلىمىزمۇ ئىلى دەرياسى ساھىلى بولۇپ قالدى...

كېيىنكى يىلى كۈزدە ئاتامنى كۆرگىنىمدە، ئۇ ئىلى دەرياسىنىڭ قايناملىرىغا غەرق بولۇۋاتقان يەنە بىر ئۇيغۇر ئوغلى، مىللىي ئارمىيەنىڭ سابىق جەڭچىسى سۈپىتىدە ئاخىرقى تىنىقلىرىنى ئېلىۋاتقان ئىكەن. «ئالتۇن توي» كۈندە ئۇ ئىلى دەرياسىنىڭ گىرۋەكلىرىدە تۇرۇپ قارشى قىرغاقتىكى كەڭرى يەرلەرگە ئوڭ قولىنى سوزۇپ تۇرۇپ ماڭا:

— كۆردۈڭمۇ بالام! ئەنە ئاۋۇ بىر توپ يالغۇز قارىياغاچ بىزنىڭ بېغىمىزنىڭ پاسىلى ئىدى. ئەنە شۇ يەردىن مانا مۇنداق ئايلىنىپ كېلىپ، ئاۋۇ دۆڭنى كۆردۈڭمۇ، ئۇ يەردە دولانا دەرەخلىرى بولىدىغان، ئاشۇ دولانا غىچە كېلەتتى. ئاشۇ كەڭرى ساھىلدا بوۋام، دادام، مەن ۋە سىلەر ياشىغان. قارا، بالام بۇ تەرىپى سۇ، ئۇ تەرىپى مۇنبەت تۇپراق، نېمىدېگەن كېلىشكەن زېمىن بۇ! — دېگەن ئاتام مېنى كۆرۈپ قوللىرىنى يەنە سوزدى. بۇ قېتىم ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىغا سوزالمىدى، يىراقلارنى كۆرسىتەلمىدى. مېنىڭ قوللىرىمنى تۇتۇپ، بېشىنى بوش لىڭشىتتى. ئىككى كۆزىدىن «لۆممىدە» ئاققان ئىككى تامچە ياش ئىككى يانغا دوملاپ ياستۇققا سىڭىپ كەتتى. ئۇ بەلكىم ماڭا: بالام روھىڭنى چۈشۈرمە! ئىلى دەرياسى بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئىسپاتى، مېنىڭ نەپسىم ئۈزۈلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ، مەنمۇ ياشايمەن، ئىلى دەرياسى بىلەن، ئەۋلادىم بىلەن! دېمەكچىدۇ ... دادام بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدا مۇڭداشقىنىم ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا-ئانامنىڭ «ئالتۇن توي» خاتىرە كۈنىنىڭ بىر مەزمۇنىنى داڭلىق رېستورانىغىمۇ، سۈنئىي باغچىلارغىمۇ ئەمەس، تەبىئەت قوينىغا — ئىلى دەرياسى ساھىلىغا تارتىشىم، بالىلىرىمنى ئىلى دەرياسىغا قانغۇچە چىلىشىپ ئويناشقا قويۇپ بېرىشىم، ئىلى دەرياسىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى بۇلغىنىشلىرىدىن ئاچچىق ئازاب چېكىشىم (بۇ ھەقتە «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن «يۇرت ئوغلى» دا توختالغان ئىدىم.) ئاتا-ئانامنىڭ مېنى تەبىئەتكە يېقىن تۇتقانلىقى، يۇرتىمىزنىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ غەيۇر سىماسىنى كىچىكىمدىلا مېنىڭ بارلىق ھۈجەيرىلىرىمگىچە سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىمدىن بۇيان مەنمۇ بالىلىرىمنى ئامالىنىڭ بارىچە تەبىئەتكە قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ھەم بالىلىقىغا قانسۇن، دېدىم، ھەم ۋەتىنىنىڭ باي، كەڭرى، ئوتى كۈچلۈك باغرىدىن ماڭا ئوخشاشلا ۋەتەن سۆيگۈسىنى تاپسۇن، دېدىم. تەبىئەت باغرىدا كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرسۇن دېدىم. ئېينىشتېين: «كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش — بىلىمدىنمۇ مۇھىم» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان يەردە، بالىلىرىمىزنى تەبىئەتتىن كۆزىتىش نۇقتىسى تېپىشقا، تەبىئەتتىن تەسەۋۋۇر ئوبيېكتلىرىنى قېزىشقا يېتەكلىمەسلىككە، تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچىگە سەل قاراشقا بىزنىڭ يەنە نېمە ئاساسىمىز بار ئىدى؟

ئىشىنىمەنكى، بىر قېتىملىق سەپەردىكى ئوغلۇم بىلەن قىزىمنىڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا كىرگەن مىنۇتلاردىكى تەسىراتلىرى — ئاتا-ئانامنىڭ ماڭا، مېنىڭ بالىلىرىمغا ۋەتەن مۇھەببىتىنى، چىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى تەبىئەت مەنزىرىلىرىمىز، مىراسلىرىمىز ئارقىلىق سىڭدۈرۈپ قازانغان نەتىجىلىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

دېمەكچىمەنكى، پەقەت ۋەتىنىنىڭ كەڭرى زېمىنى، ئوتلۇق قۇياشى، قامەتلىك تاغلىرى ۋە بەرىكەتلىك باغلىرى ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرى، كۆمۈش رەڭلىك قىشى، خۇش پۇراقلىق باھارى، مۇھەببەتلىك ياز ئايلىرى ۋە توق-باياشاتلىق كۈز...لا بالىلىرىمىزنى بالىلىقىغا قاندۇرالايدۇ، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، تەبىئەتنى ئۆگىنىش-تەتقىق قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. ئەۋلادلىرىمىزنى تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش كۈرىشى قىلىپ، ئانا تەبىئەتنى يىغلىتىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇنى ئاسرايدىغان، قوغدايدىغان، ئۇنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان، ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلايدىغان ئەۋلادلار ھالىدا ساقلايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىگە ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇسى — ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ ئۆچمەس تامغىسىنى باسالايدۇ!



# «چىمسالىق پاشا»نىڭ ھېكايىسى

ئابلەت ئابدۇللا

www.uyghurkitap.com

شائىر، يازغۇچى ئابلەت ئابدۇللا 1944 ـ يىلى ھايات مۇساپىسىنى باشلىغان. تۇنجى نەپەس ئالغان، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي ــ غۇلجا. بالىلىقىدىن ئەدەبىياتقا كۆيۈپ، چاچلىرى ئاقارغان، ھازىر قولىدا يەنە قەلەم. ئەللىك يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى ئون كىتابتا گۈل...

شائىر مۇھەببەت، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش، تۇرمۇش ـ نىكاھ ۋە جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان. لېكىن بۇ دەرد ـ ئەلەملەر ئۇنىڭغا گۈزەل شېئىرلارنى تۇغۇپ بەرگەن. ئۆزگىچىلىكنى قوغلىشىش، ھەر بىر ئەسىرىدە يېڭى تېما، يېڭى پىكىر، يېڭى مەزمۇن ئىزدەش، تۇرمۇشنى سەنئەتلەشتۈرۈش ــ شائىرنىڭ ئالاھىدە خاسلىقى. شۇڭا ئۇ: « ھەربىر شېئىرىمنىڭ پىروتوتىپى، ۋەقە، ھېكايىسى بار. ئەگەر مەن بۇ شېئىرلىرىمنى ھېكايىلەشتۈرسەم، جەزمەن ئۇ مېنىڭ ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپەم ھەققىدىكى قىزىقارلىق رومان بولغان بولاتتى» دەيدۇ. تا ھازىرغا قەدەر دۇنيادا ھېچقانداق بىر شائىر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بەرمىگەنىدى. بۇ ھال شائىرنى مۇشۇنداق بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئۈندىگەن. ھېچكىم ئويلىمىغان، قىلمىغان ئىشنى دائىم تەپەككۇر قىلىدىغان بۇ شائىر ئاخىرى بىر قىسىم شېئىرلىرىنىڭ ھېكايىسىنى يېزىپ چىققان. «ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ ھەربىر ئەسىرى ئۇنىڭ تېخى يېتىپ بارالمىغان ساھەسىدىكى يېڭى بىر نىشانى بولۇشى كېرەك. ئۇ مەڭگۈ باشقىلار قىلىپ باقمىغان ياكى باشقىلار تېخى قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى قىلىشى لازىم. شۇندىلا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى يارىتالايدۇ» دەيدۇ ئۇ.

شائىرنىڭ ھاياتىغا بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان بۇ شېئىر تۇغقان ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

**مۇھەررىردىن**

بۇ بارلىق شېئىرلىرىم ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھېكايە. گەرچە بۇ شېئىرىم 1985 ـ يىلى يېزىلغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى شائىرلىق ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە تۇغ قىلىپ تىكلىدىم. سىز ئۇچۇن ۋە كەلگۈسى ئوقۇرمەنلىرىم ئۈچۈن قۇتلۇق يالداما قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتىمدا بېشىمدىن كەچۈرگەن ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىمنى، سەرگۈزەشتلىرىمنى، ھايات، دۇنيا ھەققىدىكى ئۆزۈم تەتقىق قىلغان مۇھاكىملىرىمنى، ياشاش يولۇم، ئۇسۇلۇم، مىجەز ـ خاراكتېرىمنى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاق، ئوي ـ خىيال، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمنى ... بايان قىلدىم.

نۇرغۇن نامدار قەلەمداشلار ئىجادىي ھاياتىدا قەلىمىنى سۆزلەشتى، مەن قەلىمىمنىلا ئەمەس، قەلبىمنى سۆزلەشنى خالىدىم. بۇ ھېكايەم ئارقىلىق كۆڭلۈمنى بوشاتقۇم، ئەچىمدىكى ھەممە مەخپىي، يوشۇرۇن گەپلىرىمنى ئېيتىپ قالغۇم كەلدى. ئىسپانىيەنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى بالتاسار گىراسىئەن: «ئۆزۈڭ ھەققىدە پاراڭ قىلما!» دېگەنىدى. قانداق قىلاي، مەن

## سىرلار سىرى

ئۆزۈم ھەققىدە «پارلاق» قىلمىسام كىمگە پايدىسى بولىدۇ، مېنى كىم چۈشىنىدۇ؟!... مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مىڭ ئەپەندىمۇ ئۆزى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ پارلاق قىلغان ئىدىغۇ... گەرچە مەن داڭلىقلاردىن بولمىساممۇ، لېكىن قېنى كىم، قايسى شائىر مېنىڭدەك يازغان ۋە ياشىمىغان؟!...

كىشى بىلمەيدۇ قەدرىمنى،
ۋەتەننىڭ بىر گۆھىرىدۇرمەن. [1]

ئېسىڭىزدە بولغاي، بۇ سىز ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادىمغا يوللاۋاتقان ھاياتىم. 22-ئەسىردىكى ئوقۇرمىنىم سورايدۇ:

ھۆرمەتلىك لىرىك شائىرىمىز، مۇبادا، شۇ تاپتا ياراتقۇچىنىڭ غايىۋانە رەھمەت-خاسىيىتى بىلەن تىرىلىپ، ئاردىمىزغا كەلگەن بولسىڭىز يەنە شېئىر يازاتتىڭىزمۇ؟...

— ياق! — دەيدۇ پاكلانغان روھىم، — سىلەرنىڭ ھەر كۈنۈڭلار ئۆزى گۈزەل بىر شېئىر. سىلەرگە ھازىر شېئىر نەھاجەت! ... مەن شېئىر يازمىغان، شېئىر مېنى يازغان ... شۇنداق، مىڭ قەتلە شۈكرى! ... پۇشايماندىن خالاسمەن. شېئىرلار مېنى يازغان. «چىدىساڭ ياشا»شۇلارنىڭ بىرى — ئېھتىمال، بۇ يازمامنى ئوقۇپ، مېنى پوچى، ماختانچاق، ئەخمەق، شۆھرەتپەرەس، يالغاچى، كاززاپ... دەرسىز. ھەرنەرسە دېسىڭىز مەيلى، مەن پەقەت سەممىي كۆڭلۈمنى سىزگە تۇتىمەن.

يازغۇچى نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ: «ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تاپتىم ئۆزۈمنى» ناملىق ئىجادىيەت ھاياتىنى ئوقۇپ غايىۋانە رەھمەت ئېيتتىم (بۇ ئەسەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىلى 1-سانىغا بېسىلغان) ئۇ تا ھازىرغىچە ھېچكىم، ھېچقانداق بىر قەلەم ساھىبى ئېيتمىغان چىن دۇنيالىق سۆزلىرىنى ئېيتتى: «بۇلغىنىشتىن ساقلىغان خۇداغىمۇ مىڭ رەھمەت! ... مەن ئىسمىمنىڭ ‹سىجىن› (يامان ئىش-ئەمەللەر خاتىرىلىنىدىغان ئىلاھىي دەپتەر)دە ئەمەس، ‹ئىللىيۇن› (ياخشى ئىش-ئەمەللەر خاتىرىلىنىدىغان ئىلاھىي دەپتەر) دا بولۇشىغا تىرىشىمەن. قىڭغىر قەدەملىرىمنى، كۇپۇر سۆز-كۇپۇر خىياللىرىمنى ياراتقۇچى كەچۈرگەي!» [2] قاراڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى نەقەدەر ئاق، نەقەدەر پاك، نەقەدەر سەممىي ۋە گۇناھىدىن قورقاق!... «ھەر ئادەم ئەتىگە نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن.» مانا بۇ چىن يازغۇچى.

شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەمسەن. ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلەرنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ياراتقۇچىنى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا (سۈرە شۇئەرا 224-، 225-، 226-، 227-ئايەتلەر) «بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ»، شۇنداق، ياخشى ئۇرۇقتىن ياخشى مېۋە چۈشىدۇ. گۆھەر كۆڭۈلدىن ئىككى دۇنيالىق گۆھەر چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەسرى مانا مۇشۇنداق تۇپراقتا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن تاتلىق!...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېكمەت بىلىمەن، تەكرارلايمەن. شۇڭا قانداق باھا بېرىشىڭىزدىن پەرۋايىم پەلەك، پەقەت: «قىڭغىر قەدەملىرىمنى، كۇپۇر سۆز-كۇپۇر خىياللىرىمنى ياراتقۇچى كەچۈرگەي!» دەيمەن ۋە چىن دۇنيادا نام-ئەمەلىمنىڭ ئوڭ قولۇمدىن بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايمەن، خالاس!

1985-يىلى يېزىلىپ، 1988-يىلى ناھايىتى تەستە ئېلان قىلىنغان «چىدىساڭ ياشا» ناملىق شېئىرىم ئەل ئىچىدە مېنىڭ نامىمنى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ شېئىرنىڭ تەسىر كۈچى شۇنچىلىك زور بولدىكى، ئادەتتىكى پۇقرالاردىن تارتىپ تا كاتتىلارغىچە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ تەكرارلىنىپ، ھەتتا ماقال-تەمسىلگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنى چۆرىدەپ شېئىرلار، ئوبزورلار يېزىلدى. «بۇ يەردە ھەققىي بىر جەڭگىۋار پەلسەپە، سىياسىي قاراشنىڭ ھاسىلاتى ئۆز يېنىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئەمما بىز ئۇنى ئىزدەپ يىراقلارغا كېتىپتۇق، — دەپ يازدى بۇ شېئىر ھەققىدە مەدەنىيەت، پەلسەپە تەتقىقاتچىسى ئابلەت مۇھەممەد، — ئابلەت ئابدۇللا ‹چىدىساڭ ياشا› دېگەن شېئىردا باشقىلارنىڭ خېلى-خېلى داڭلىق ئەدىبلىرى ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويالمىغان ھاياتلىق ھادىسىلىرىنىڭ يېشىمىنى يېغىنچاقلاپ، دادىل مەيدانغا ئاتتى.» [3] شۇندىن كېيىن مېنى كۆرگەنلەر: «چىدىساڭ ياشا» دەپ چاقچاق قىلىشىدىغان بولدى.

بىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىغا كىرىپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم. يېنىمدا سۆزلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ بىرى يېنىدىكى ئايالغا قاراپ:

— چىدىساڭ ياشا! دەپتىكەن، چىدىغان ئادەم ئۆي تۇتالايدۇ، — دەپ قالدى. مەن ئىچىمدە كۈلۈپ كەتتىم.

ئۇ ئايال بۇ سۆزنى ئېيتقان ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شائىر بەگمەت يۈسۈپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئۇ ئەجەبلەنگەن ۋە قىزىققان ھالدا:

— چىدىساڭ ياشا، بۇ قانداقمۇ كېلىپ قالغاندۇ كاللىغىمىزغا، — دەپ ھەيران بولاتتى.

بۇ يىگىت بۇ شېئىرنىڭ مېنىڭ ھاياتىمدىكى زەھەردەك ئاچچىق كەچۈرمىشلەر، ھەسەت، ھەسرەتلىك خىياللار، بولۇپمۇ ھاياتىمدا يۈز بەرگەن «غەلىتە» رەزىل قەبىھلىكلەر، كەمسىتىشلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. مەن ئۇ كەچۈرمىشلىرىمنى تۇتقا قىلىپ، كىشىلىك دۇنياسى، ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قانۇنىيەتلىرى، ياشاشتىكى ئەڭ ھالقىلىق نۇقتىلار، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سىرلىق روجەكلەرنى تەپەككۇر قىلاتتىم. كىتاب كۆرەتتىم، سېلىشتۇراتتىم، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەيتتىم. كلاسسىك شېئىرلارنى مۇلاھىزە قىلاتتىم، روھىيەت ئىلمىنى ئۆگىنەتتىم... بۇ بىلىم مېنىڭ شېئىرلىرىمغا قانات بېرەتتى: «تۇرمۇش»، «نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن»، «يارالدىم مىليونغا ھەمراھ ۋە لېكىن»، «سەن ئۆزۈڭ قۇل، ئۆزۈڭ پادىشاھ»، «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا»، «ئۆز - ئۆزىنى يوقىتىش»، «ھەر كىشىگە ھەررەڭدۇر دۇنيا»، «قارا چېچىم»، «ئۆز - ئۆزىنى بەزلەش»، « قانۇنىيەت»، «ئېتىقادتا گۈزەلدۇر دۇنيا»، «يالغان ئېيتماس تەبىئەت پەقەت»... قاتارلىق شېئىرلىرىم ئەنە شۇ ئالەم ۋە كىشىلىك دۇنياسىنىڭ پەلسەپىۋىلىك پىكىر - قانۇنىيەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغانىدى:

يالغان ئېيتماس تەبىئەت پەقەت،
نۆۋىتىدە كېلەر باھار، كۈز.
يالغان ئېيتار ئادەملەر پەقەت،
بىر - بىرىگە قاراپ يۈزمۇيۈز.

تەبىئەت بىلەن ئادەملەر ئەنە شۇنداق ياشايدۇ. بىر كۈنى ھەزرىتى نەۋايىنىڭ بىر مىسرا غەزىلىنى ئوقۇپ، ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. بۇ مىسرا ماڭا بەك تەسىر قىلغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنىڭدا: «ئى نەۋايى ئالەم بىر تەرەپ، سەن بىر تەرەپ» دېگەن مەزمۇن بار ئىدى. بۇ مىسرانى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئويلاپ يۈردۈم. ئۇنى موللا سىدىق يەركەندى مۇنداق يەشكەندى:

«ياراتقان ھەممە نەرسىدىن ئاساسىي مەقسەت پەقەت سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ زاتىڭدىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس. سەن ئۆز زاتىڭ بىلەن ھەم ئىخچام ھەم تەپسىلىيسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدۇڭ ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىن، نېمىنى ئىزدىمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن.» [4]

توغرا بۇ شۇنداق رەھىمسىز دۇنيا. بىز ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىمىزنى پەقەت ئۆزىمىزدىنلا ئىزدىشىمىز كېرەك. ئىنسان بۇ دۇنيانى «دۈشمەن» بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەكمۇيەك دۈئېلغا چۈشۈشى ۋە ئۇنى يېڭىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئادەم بۇ دۇنيادا خۇشال ياشىيالايدۇ... مەن ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئۇششاق، ئىنچىكە ساھەلىرىگە بۇ پەلسەپىۋىلىك پىكىرنى باغلاپ تەپەككۇر قىلدىم:

ئىنسان بىلەن ھەممە نەرسە جەڭ ھالىتىدە، بىرگە بىر، قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرىدىكەن. ئالايلى، ئالدىڭىزدا بىر قەدەھ شاراب بار، نەق شۇ مەيداندا سىز بىلەن قەدەھ ئوتتۇرىسىدا بىرگە بىر جەڭ ھالىتى شەكىللىنىدۇ. ئەگەر سىز قەدەھنى يەڭسىڭىز لەززەتلىنىسىز، پەيزى قىلىسىز، ئەگەر قەدەھ سىزنى يېڭىۋالسا مەست بولىسىز، پەس بولىسىز... شاھ بىلەن تەختمۇ شۇنداق، ئەگەر شاھ يەڭسە، تەختتە مەغرۇر ئولتۇرۇپ، ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئەگەر تەخت يەڭسە، شاھنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. پۇل بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىمۇ خۇددى شۇنداق قارىمۇقارشى بىرلىك ھالىتى مەۋجۇت: سىز پۇلنى يەڭسىڭىز راھەتلىك، باياشات تۇرمۇش كەچۈرىسىز، ئەگەر پۇل سىزنى يەڭسە نامراتلىق، يوقسۇزلۇق گېلىڭىزنى بوغىدۇ، ھەتتا دىۋانە بولۇپ كېتىسىز. ياكى پۇل ئۈستىڭىزگە مىنىۋېلىپ، ئېشەكتەك ھالىڭىزنى قويمايدۇ...

يارىتىلىشتىن تارتىپ ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە نومۇس بىلەن پەسلىك (ئادىمىيسىزلىك) دائىم بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر قەلبىڭىزدىكى پەسلىك يەڭسە سىز شەيتانغا قۇل بولىسىز، ئەگەر نومۇس يەڭسە پەرىشتە سۈپەت ئادەم بولىسىز، ۋەھاكازالار...

پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئى قارىمۇقارشى ھالەتتىكى زەررىچىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. دېمەك، دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ قۇدرەتلىك ئىنسان بۇ دۇنياغا قارىمۇقارشى ھالەتتە زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن. ئۇ بۇ

دۇنيا بىلەن جەڭ قىلىشى، ئاشۇ جەڭ ئارقىلىق ھاياتلىق نېمىتىنى تېپىپ يېيىشى، جاپا ـ مۇشەققەت، رىيازەت، ئۆتكۈنچى رەنجى ـ مۇشەققەتلەرگە چىدىشى، چىدام، سەۋر بىلەن ياشىشى كېرەك. ئۇ تۇغۇلغاندا ئەسلىدە مۆجىزانە ھاياتىي كۈچكە ئىگە ۋۇجۇدلۇق بولۇپ، دۇنيا بىلەن، تۇرمۇش بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالەمدە ھېچقانداق جانلىققا بېرىلمىگەن كۈچلۈك تەپەككۇر، ساغلام، ئىقتىدارلىق تەن ئاتا قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا شۇنىڭدىن باشقا دوستى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا يار ـ يۆلەنچۈكى يوق، مەدەتكارى يوق، ئۇنىڭدىن باشقا پادىشاھى يوق. ئالەمنىڭ ۋە ئادەمنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق. نەۋايىنىڭ ئاشۇ بىر مىسرا غەزىلى بۇ دۇنياغا نىسبەتەن مېنىڭدە كۈچلۈك «بىرگە بىر» دېگەن قارىشىلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈردى. چۈنكى بۇ دۇنيا ھەم سۆيۈملۈك ھەم رەھىمسىز ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تەكرار ـ تەكرار ئىسپاتلانغانىدى.

مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم 1986 ـ يىلى ماي بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن كەچلىك پائالىيەتتە ئوقۇپ بەردىم. ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا: ئادەملەر قورشاپ تۇرغان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ شېئىرنى ئوقۇپ تاماملىغىنىمدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ، مېنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. مەرھۇم تۇرسۇن ئەلىنىڭ (بۇ چاغدا تۇرسۇن ئەلى مەن ئىشلىگەن خەنبىڭ يېزىسىدىن يۆتكىلىپ، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغانىدى) ھاياجانلىنىپ، ئاشۇ توپ ئارىسىدىن «چىدىساڭ ياشا!» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. كېيىن ئۇ بىر قولىدا قولۇمنى تۇتۇپ بىر قولىدا دولامغا ئۇرۇپ، كۈلۈپ: «چىدىساڭ ياشا، ياخشى يېزىپسىز!...» دەپ ماختاپ ئىلھاملاندۇردى.

ئىلگىرىكى ئاشۇنداق پائالىيەت، ئەنجۇمەنلەردە كىشىلەر ««چىدىساڭ ياشا» نى ئوقۇپ بېرىڭ!» دەپ تەلەپ قىلىشاتتى، خەلق بۇ شېئىرغا «چىدىساڭ ياشا» دەپ تېما قويۇۋالغانىدى، مەن خەلقنىڭ قوللىشى ۋە ئىسىم قويۇپ بېرىشى بىلەن كېيىنكى مەتبۇئاتتا «بىرگە بىر»نى «چىدىساڭ ياشا» تېمىسىغا ئۆزگەرتتىم ۋە 2008 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان شېئىر ـ داستانلار توپلىمىغا ئۇنى كىتاب ئىسمى قىلىپ ئالدىم. ھەربىر شائىرنى پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى بىر شېئىرى ھەيكىلىنى تىكلەيدۇ، «يىللارغا جاۋاب»، ل. مۇتەللىپنىڭ، «ئىز» ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ، «تۈگىمەس ناخشا» ت. ئېلىيېفنىڭ، «دېھقان بولماق تەس» روزى سايىتنىڭ، «ئالەمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ... ھەيكىلىنى تىكلىگىنىگە ئوخشاش، ئېھتىمال، بۇ شېئىرمۇ مېنىڭ ھەيكىلىمنى تىكلەپ قالار!...

بۇ شېئىرىمنىڭ دۇنياغا تۆرەلگەنلىكى روھىمنى كۆتۈرۈپ، مېنىمۇ ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. قايسى شائىر ئەڭ داڭلىق شېئىرى ئۈچۈن خۇشال بولمايدۇ؟ مەن بۇ شېئىرىمنىڭ تۇغۇلۇشىغا غايىۋانە ئىلھام ئاتا قىلغان ھەزرىتى نەۋايىنىڭ روھىغا سۆيۈنىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ ئاشۇ بىر مىسرا شېئىرىنى ئوقۇمىغان، ئۇ ھەقتە مۇتالىئە يۈرگۈزمىگەن بولسام؛ ئېھتىمال، بۇ شېئىر تۇغۇلماس ئىدى. بۇ قۇرلارغا قەلب گۈللىرىمنى تىزىۋاتقاندا، مەرھۇم شائىر ت. ئېلىيېف ئاكىنىڭ 1982 ـ يىلى غۇلجىدىكى بىر سورۇندىن كەچ قايتقان ۋاقتىمىزدا ئېيتقان گەپلىرى يادىمغا كېلىۋالدى:

شۇ كۈنى سورۇندىن تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتقاندۇق، مەن ئۇنى قۇدۇق مەھەللىسىدىكى تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە كېتىۋاتاتتىم. خىلۋەت، قاپقاراڭغۇ تېرەكلىك بوستان كوچىدا ئىككىمىز يالغۇز كېتىۋېتىپ، كۆڭلۈمدە ئۇزۇندىن بېرى مۆكۈپ ياتقان بىر سوئالنى سوراشقا ئالدىرىدىم. ئۇنى مەن تېيىپجىنىكامنىڭ شېئىرىدىكى بىر نۇقسان دەپ چۈشەنگەچكە كۆڭلىگە ئېلىپ قالارمىكىن دەپ پېتىنالمايۋاتاتتىم. مەن بۇ خالىي پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، سوراشقا نەچچە تەمشەلسەممۇ، تىلىمغا كەلگەن سوئال شۆلگەيگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيگە ئاز قالدۇق. كەيپىلىك ئاخىرى مېنى تەۋەككۇل دەرياسىغا ئىتتىرىۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا يانداشىپ مېڭىپ، مۇلايىم ئاۋازدا سورىدىم:

— تېيىپجان ئاكا، كۆڭلۈمدە ئۇزۇندىن بۇيان يېشىلمىگەن بىر تۈگۈن بار ئىدى. مۇشۇ خالىي پۇرسەتتە سىزدىن سورىسام كۆڭلىڭىزگە كېلەمدىكىن دەپ ئويلىنىپ كېلىۋاتىمەن.

— سورا ـ سورا، نېمە ھەقتە ئىدى. خوتۇن ئالدىغان ئىشىڭ ئەمەستۇ! — تېيىپجانكام بويتاقلىقىمغا يۆلەپ چاقچاق قىلىپ، سىقىلىپ، قورۇنۇپ تۇرغان كەيپىياتىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

— ياق، — دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ، ئازادىلىشىپ، — سىزنىڭ بىر شېئىرىڭىز توغرىسىدا.

— ھە، ھە، قانداق، بولماپتىمۇ، ئېيتىۋەر، پىكرىڭ

تـوغرا بـولسا قوبۇل كۆرىمەن، ــ ھوشيار ئـادەمدە ئـۇ، گـەپنىڭ ئۇرانىدىن شـېئىردىكى نـۇقسانىنى دەيدىغىنىمنى سېزىپ، دەررۇ سەگەكلەشتى.

ــ ھە... ــ دېدىم مەن يەنە ئوڭـايسىزلىنىپ.

ــ قايسى شېئىرىمنى دەيسەن، قېنى ئـېيتقىنا، ئـاڭلاپ باقاي. ئېيتتىم:

ــ سىزنىڭ «ماۋجۇشىغا» دېگەن غەزىلىڭىزنىڭ ۋەزىن ـ بەھرلىرى، رادىپلىرى ھوۋەيدانىڭ غەزىلىگە ئوخشاپ قاپتۇغۇ، ھوۋەيدا مۇنداق يازغان:

باغ ئارا كۆرسەتمەدىڭ گۈلدەك جامالىڭدىن ماڭا،
شەمئىن يەتكۈزمەدىڭ بويى ۋىسالىڭدىن ماڭا.

سىز مۇنداق يېزىپسىز:

داھىي ماۋجۇشى سىنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ ھېكمەت ماڭا،
ھېكمىتىڭ مېغزىنى چاقماق بىھىساب قۇدرەت ماڭا.

تېيىپجىنىكام بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن تېزلا:

ــ بىز ئاشۇلاردىن ئـىز ئـالمىساق قانداق يـازالايمىز ئۇكا! ــ دېدى ـ دە، جىمىپ كـەتتى. مـەنمۇ شـۈك بـولۇپ قالدىم ۋە ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، يـول بـويى بـاياقى سۆزلىرىنى ئويلاپ ماڭدىم...

شۇنداق، كىلاسسىكلار بـىزگە ئـىز ئـېچىپ بـەرمىگەن بولسا بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولامتى؟! ئادەم تۇغۇلۇپلا ئالىم بولغان ئەمەستە! ئۇ ياشاش، ئۇلغىيىش داۋامىدا تەمتىلەپ مېڭىپ، كۆچكە تولۇپ ئاندىن رەسمىي ئادەم بولىدۇ. لېكىن بۇ «بىرگە بىر» دۇنيادا ئادەملەر ھەر خىل ياشايدۇ، بەزىلەر ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى تەبىئىي ئادىمىي خىسلەتلىرىنى ساقلاپ، پاك، سەممىي مۇھەببەتلىك ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن ياشاپ بۇ دۇنيادىن ئۆتىدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئادەم ئاشۇ سەۋەبى، پاك ئادىمىي خىسلەتلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ياشاش ــ تەبىئىي، ئەركىن ياشاشتۇر، ئەمما ياشاش داۋامىدا كىشىلەر ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، زامان، ماكان، مۇھىت ۋە كىشىلەر رايىچە سۈنئىي ياشاشقا ئىنتىلىدۇ، بۇ خىل ئادەملەر يالغان ياشايدۇ، قورۇنۇپ ياشايدۇ. كۈلگۈسى كەلمىسىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىغۇسى كەلمىسىمۇ يىغلايدۇ. بارغۇسى كەلمىسىمۇ بارىدۇ. «كۆڭۈل» ئايايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، گەپ ـ سۆز ھەممىسىدىلا ئۆزىنى سۈنئىي ياشاشقا زورلايدۇ. دورامچىلىق قىلىدۇ. مودا قوغلىشىدۇ... نەتىجىدە بۇ خىل كىشىلەر ئەركىن بولالمايدۇ. تەپەككۇرى بوغۇلىدۇ، تېنى قىسىلىدۇ...

ئادەم تەبىئىي ياشىغاندا ئەركىن بولىدۇ، كۈلگۈسى كەلمىسە خۇشامەت قىلىپ كۈلمەيدۇ، يىغلىغۇسى كەلمىسە «كۆڭۈل» ئۈچۈن يىغلىمايدۇ. كۆڭلىدىكى گەپ ـ سۆزىنى ئەركىن، ئازادە ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، لىللا بولىدۇ. مۇنداق ياشىغان ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرى جانلىق، ئىككى دۇنيالىق بولىدۇ. كۆڭلى كەڭ، تېنى ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولىدۇ.

دېمەك بۇ دۇنيادىكى «بىرگە بىر» جەڭگە ھازىرلانغان ئادەم ئەسلىدە تەبىئىي كۈچلۈك تۇغۇلغان بولسىمۇ، تۇرمۇش، ھايات جېڭىدە پىسخىكا مەيدانىدا يېڭىلىپ ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ۋە قاتتىق قول. مەن ئۇنى «تۇرمۇش» دېگەن شېئىرىمدا مۇنداق شەرھلىگەن ئىدىم:

پاك ياشاشنى ئىستەيسەن لېكىن،
ھاياتتا پاك ياشماق قىيىن.
سەبىيلىكتە ياشايسەن گۈلدەك،
ناپاكلىقا چۆكسەن كېيىن. [5]

ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىشى توغرىسىدا بولسا:

يوقىتىدۇ ئادەم ئۆزىنى،
تاپقىنىدا بولار ھۆر ئىنسان.
يوقاتقانىمەن مەنمۇ ئۆزۈمنى،
مەن ئۆزۈمنى تاپىمەن قاچان؟!...
تۇغۇلغاندا مەن ئۆزۈم ئىدىم،
ئەس كىرگەندە يوقالدىم ئاستا.
يوقالدى ئۆز تىلىم ۋە گېلىم،
يېڭى قۇلاق بوپقالدى پەيدا. [6]

دېمەك، بۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ مېغزى شۇكى، بۇ دۇنياغا «بىرگە بىر» جەڭگە چۈشكەن ئادەمدە ئىككى مۇھىم تەييارلىق روھى بولۇشى يەنى ئۇ بىرىنچى قەدەمدە ئۆز ـ ئۆزى بىلەن بىرگە بىر، ئاندىن دۇنيا بىلەن

بىرگە بىر جەڭگە چۈشۈشى كېرەك. ئۆز - ئۆزىنى يېڭەلمە-
گەن ئادەم تەھقىقكى دۇنيانى يېڭەلمەيدۇ!...

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ياش دوستلار، مەن ئۆز - ئۆ-
زۈمنى قانداق يەڭگەنلىكىم ۋە ئاخىرىدا دۇنيانى — تۇر-
مۇشنى قانداق يەڭگەنلىكىم ھەققىدە سىلەرگە سۆزلەپ بې-
رىشنى خوپ كۆردۇم. چۈنكى مەن سۆزلىمىسەم ئۇ گەپلەر
مەن بىلەن بىللە قارا تۇپراققا مەڭگۈلۈك كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ
چاغدا ھېچكىمگە پايدىسى بولمايدۇ. ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار-
كى، بۇ لاپ ئەمەس، كوزا - كوزاڭ ئەمەس، ھەممىسى ئە-
مەلىيەت، مېنىڭ ھاياتىم! ...

مەن ئۆز - ئۆزۈمنى يېڭىپ، دۇنياغا مۇھەببەت بېرىپ
ھازىرغا قەدەر تەبىئىي، پاك، سەممىي ياشىغانلىقىم ئۈچۈن
دۇنيا ماڭا كۈلۈملۈك، مەنىلىك ھايات بەخش ئەتتى. ئۆتە-
كۈنچى، ئاچچىق كەچمىشلەر قەلبىمنى يارا قىلالمىدى. سىز
مېنىڭ مەكتەپتىن تارتىپ، تاھازىرغا قەدەر بولغان ھاياتىمنى
ئىزچىل تەتقىق قىلىپ كۆرسىڭىز مېنىڭ پۈتۈن مىجەز - خا-
راكتېرىم، ياشاش ئۇسۇلۇم، مۇناسىۋىتىم كىشىلەرگە ئانچە
ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. مەن ئۆمرۈمدە كىشى-
لەرگە ياخشىلىق قىلسام قىلدىمكى، يامانلىق قىلمىدىم. ئەڭ
ئۇلۇغ ئىشىم، ئۆز غايەمدىن، شائىرلىق نىشانىمدىن تايما-
دىم. تاج - مەنسەپكە قىزىقمىدىم. ناھەقچىلىق ئالدىدا پىك-
رىمدىن يانمىدىم... بۇ يەردىكى ئاساسىي ھالقا نېمە؟ مەن
ئۆزۈمگە ئىشەندىم. ئاچ - توق قېلىشتىن، جاپا - مۇشەققەت-
تىن ھەرگىز قورقمايتتىم. ھازىرمۇ شۇنداقمەن، ماڭا بۇ ھايا-
تىمدا ھېچكىم ياردەم قىلغان ئەمەس، ئۆزۈمگە ئۆزۈم
ياردەم قىلدىم. ياشىسۇن ئۆزلۈك! ... «سېنىڭ شۇ قىلغىنىڭ-
غا...» مانا بۇ تۇيغۇ مەندە كۈچلۈك رىقابەت ئېڭىنى
تۇغۇپ، مېنى كېچىلەپ ئىشلەشكە، ئاز ئۇخلاشقا دەۋەت
قىلدى...

مەن ئۆز - ئۆزۈمنى يېڭىش ئۈچۈن نەپسىمنى شۇنداق
بوغۇۋەتتىمكى مېنى ھەر قانداق بىر شەخس دورىيالمايدۇ.
ئىشەنمىسىڭىز بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى ئاڭلاپ
بېقىڭ:

مەندە كىشىنىڭ قەرزى يوق، ئىقتىسادىم يېتەرلىك
ئادەم. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزۈمگە شۇنداق بېخىلمەنكى
ئېھتىمال ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە بىرەرى يوقتۇر. شۇنى ئا-
لاھىدە تەكىتلەپ قويايكى، بۇ پەقەت ئۆزۈمگىلا، ھەرگىز
سىزگە ۋە باشقىلارغا ئەمەس. باشقىلارغا قولۇم كەڭ -
ئوچۇق. ماڭا قەتئىي كۆپ پۇل كەتمەيدۇ، مەندە ھەشەمەت-
لىك ئۆي، ماشىنا، مودا كىيىم، كاتتا رېستورانلاردا تاماقلى-
نىش، نازىنىن... ھەۋىسى يوق. ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈم
75 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە ئولتۇرىمەن، تۆت بالام بار
(ئىككىسى ئۈرۈمچىدە) ماڭا ئاشۇ ئاددىي ئۆيۈم ئۆلگىچە يې-
تىدۇ: دېمەك مەن ئەڭ باي، خاتىرجەم ئادەممەن.

1986 - يىلى ئىنىم دىلمۇرات ھاجىم ھەجگە بارغاندا
ماڭا ئىتالىيەنىڭ قىممەت (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2000 -
2500 يۈەنلىك) شىلىتىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا
مەن 20 - 30 يۈەنلىك شىلىت كىيىپ يۈرەتتىم. ئايالىمغا:

— بۇنى ساندۇققا سېلىپ قوي! — دېۋىدىم، ئايالىم
ئېڭىرقىغان ھالدا:

— ئەجەب چىرايلىقكەن، شۇنداق پۈختىكەن، كىيىۋال-
سىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ياق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مۇنداق شىلىتە-
لارنى كىيىش ماڭا ياراشمايدۇ.

مەن يېڭى قىممەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ، پارقىراپ
گىدىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇ خىل كىيىملەرنى
كىيسەم قانداقتۇر كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالغاندەك، ئالاھە-
دە بولۇۋالغاندەك، ئۇلار تۆۋەندە، مەن يۇقىرىدا لەيلەپ
يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن. شۇڭا ئۆيدە چەت ئەلنىڭ كاستۇم-
بۇرۇلكا، پەلتولىرىنىڭ ساندۇقتا ياتقىنىغا تالاي يىللار بول-
سىمۇ، (مەن ئۇلارنى چەت ئەلگە چىققاندا ئېلىپ كەلگەنىدىم)
كىيگۈم كەلمەي، شۇ پېتى تۇراتتى. پەقەت بەزىلىرىنى
ئاربلاپ ھېيتلاردىلا كىيىپ قويايتتىم. ماڭا قانچە ئەرزان،
ئاددىي بولسا تەن - تېنىم ياراپ كېتەتتى. بۇ مېنىڭ تەبىئى-
تىم ئىدى.

ئۈچ يىل ئۆتتى. ئىنىم دىلمۇرات ھاجىم فرانسىيەگە
ئوقۇشقا چىقىدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭغا ساندۇقتا پېچەت
پېتى ساقلىنىۋاتقان ھېلىقى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئىتالىيەنىڭ
شىلىتىنى يوللۇق تۇتتۇم.

— ھوي ئاكا، — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — بۇنى
تېخىچە كىيمىگەنمىدىڭ، ئۆزۈڭ كىي، بۇ ئىتالىيەنىڭ
داڭلىق شىلىتى.

مەن ئۇنۇمىدىم، ئاخىرى ئۇ شىلىتنى ئېلىپ كەتتى.
مەن بولسام شۇ يىلى يىگىرمە يۈەنلىك شىلىت بىلەن يازنى

www.uyghurkitap.com

چىقاردىم.

خوش، بۇ بايانلاردىن مېنى «ئاجايىپ پېخسىق ئادەم ئىكەن!» دەپ خاراكتېرلىدىڭىزمۇ؟ ...

خاتا، بۇ بايانىنى ئاڭلاپ بېقىڭ:

1996 - يىلى 7 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پېچاندا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ چاغدا مەن ھېچكىم قىلمىغان، ئويلاپ باقمىغان مەرد - سېخىيلىق قىلىپ ھاتەم بولغانمەن. يەنى شىنجاڭدىكى داڭدار قەلەمكەشلەر، مۇھەررىرلەر ۋە ئاخباراتچىلارنىڭ ئالدىدا سەھنىگە چىقىپ ئۆزۈمنىڭ دۇنيالىقتا يىغقان بارى - يوق 50 مىڭ يۈەن پۇلۇمنى ۋە بىر قورۇ - جايىمنى «دەرمان ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئاتىغانمەن. بىلىپ قېلىڭكى مەن شىركەتنىڭ دىرېكتورى، پۇلدار بايۋەچچە ئەمەسمەن، ئادەتتىكى دۆلەت خادىمىمەن. «دەرمان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلىش ئۈچۈن شۇ يىلى 30 - سېنتەبىر كۈنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى يازغۇچى مەرھۇم زوردۇن سابىر لار بىلەن قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مۇكاپاتنىڭ خاراكتېرى، تەشكىلىي پرىنسىپلىرى ۋە مۇكاپاتلاش چارىلىرى توغرىسىدا توققۇز تۈرلۈك ماددىنى مۇقىملاپ، ئاخىرقى قېتىم قاراپ چىققاندۇق. 7 - ئۆكتەبىر كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇنىڭغا مۇنداق تەستىق سالغاندى:

«مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا:

ئېلى ۋىلايەتلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان خادىمى، شائىر ئابلەت ئابدۇللا ئۆزىنىڭ 50 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە بىر قورۇ - جايىنى تەقدىم قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «دەرمان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلماقچى، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئېسىل ئەسەرلەر، تالانت ئىگىلىرىنىڭ تېزراق مەيدانغا چىقىشىغا مەدەتكار بولۇش روھى تولىمۇ قەدىرلىك. بىز ئابلەت ئابدۇللانىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز. شۇنداقلا ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى (تامغا)

1996 - يىلى 7 - ئۆكتەبىر

ئەپسۇسكى، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ياخشى نىيەت ئەمەلگە ئاشماي قالدى. لېكىن ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە بەش يىلدىن كېيىن يەنى 2001 - يىلى مەرھۇم ماۋتىجان داۋۇت شىركىتىدىن بەشيۈزمىڭ يۈەن ئاجرىتىپ: «يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ‹گۈلزار› مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلدى. خوش، قەدىرلىك دوستۇم، سىز مېنىڭدەك قىلالامسىز ؟!...

پۇلىڭىز يېتەرلىك تۇرۇپ، مەن ياتقان ياتاقلاردا ياتالامسىز ؟ بۇلتۇر ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە مەن ياتقان ياتاقنى كۆرگەن داڭلىق كوررېكتور ئاغىنەم قەييۇم تۇرسۇن ھەيران قالغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ قاراڭغۇ، تامنىڭ ياقىلىرىدىن شىلدىرلاپ ئۇششاق شېغىل، سېمونت پارچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئەڭ ئەرزان بىر كىشىلىك ياتاق ئىدى. مەن بۇ ياتاقتا خان ئوردىسىدەك ھېسسىياتتا تېنىم يايراپ ياشايتتىم، ئەركىن ئىدىم ...

ئۇرغۇن تەڭ دېمەتلىكلەر مېنىڭ ساغلاملىقىمغا ھەۋەس قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: مەن ئەنە شۇنداق ئاددىي، غورىگىل تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئاشۇ غورىگىل، ئاددىي تۇرمۇشتا ھاياتنىڭ لەززىتى، مۇھەببىتى بولىدۇ. تۇرمۇش بىلەن بىرگە بىر جەڭ بولىدۇ. قان بېسىم، قان قېتىش، شېكەر كېسەللىكى ۋە باشقا يامان كېسەللەردىن سىزنى نېرى قىلىدۇ. مەن قورسىقىمغىمۇ قاتتىق بېخىلمەن. ئاددىي، قارا پايىم تاماقلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن. سىزگە ئېيتسام ئۆيۈمدە تاماقتىن «زېرىكىپ» كېتىمەن. چۈنكى ئايالىم، باللىرىم قورسىقىغا ئامراق، خۇدانىڭ ھەر كۈنى ئىككى ۋاق تاماق. مەن تاماقتىن «زېرىدكىپ»، بەزى كۈنلىرى ئاخشىمى بىر پارچە نان، پىرەنىڭ ياكى ئاشقان - تاشقان نەرسىلەر بىلەن چاي ئىچىمەن. ئەمما ھەسەلدىن ئايرىلمايمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەتچى ئالىمى ئىمادوددىن قەشقەرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ:

— ھاياتقا ئەڭ زىيانلىق نەرسە نېمە؟ — دېگەن سوئالىغا:

— يېگەن تاماق سىڭمەي تۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىم تاماق يېيىش، تەجرىبىلەرگە قارىغاندا «دۇنيادا ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرگە قارىغاندا كۆپ يەپ ئۆلگەنلەر كۆپتۇر.» نەپ-

سىنىڭ راھىتىنى بەدەن راھىتىدىن، سالامەتلىكتىن ئىلگىرى قويۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، — دەپ جاۋاب بەرگەندى.

مەن تا ھازىرغا قەدەر ئايالىمغا: «مۇنداق تاماق ئېتىپ بەر!» دېگەن ئادەم ئەمەسمەن. تاماق تاللىمايمەن، نېمە بولسا يەۋېرىمەن. ئادەم ساغلام بولىمەن دېسە ئاچ - توق يۈرۈشى، ئاشقازىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بوش قالدۇرۇشى، مۇمكىن بولسا ھەپتىدە بىرەر كۈن ئۆزىنى ئاچراق قويۇشى لازىم. ئۇ تەرەپككۈرنى كۈچلەندۈرىدۇ. قورساق تويغانسېرى تەن سەمرىدۇ، تەپەككۈر ئورۇقلايدۇ. ئۆمرى قىسقىرايدۇ...

كىشلەر سەھەر چېنىقسا مەن كەچ چېنىقىمەن، كېچە تۈن نىسپى (سائەت 12) بولمىغىچە ئۇخلىمايمەن، شۇنىڭغىچە بىر كۈنلۈك پۈتۈن يېگەن - ئىچكەنلىرىم سىڭىپ بولىدۇ - دە، بىر پىيالە سۈتكە بىر قوشۇق ھەسەلنى ئېلەشتۈرۈپ ئىچىپ، شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولىمەن. مانا بۇ مېنىڭ يىللارسېرى ساغلاملىقنى تەتقىق قىلىپ تاپقان ياشاش ئۇسۇلۇم.

خوش، سىز ئەجەبلىنىپ سورايسىز:

— ئۇنداقتا تاپقان، يىغقان پۇلىڭىزنى نېمە قىلىسىز؟

— سالامەتلىك، باللارنىڭ ئوقۇشى، كىتابلىرىم ۋە باشقىلارنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىش، شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن!...

ياش دوستلار، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم ياشلار كىشلىك ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى، ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ رەھىمسىز - رەھىمسىز ئۆزگىرىشچانلىقىنى - رەڭۋازلىقنى چۈشەنمەي، قايمۇقۇپ، بېشى تۆرەپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۈرىدۇ. بۇ تۈپەيلى بەزىلەرى ناچار ئىللەتلەرنىڭ سېسىق - بەتبۇي ئورەكلىرىگە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار پۇل تاپالماي، يول تاپالماي تېرىكىپ، ئەسەبىيلىشىپ يۈرىدۇ. ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىۋاتىدۇ. بۇ دۇنيا بىلەن بولغان بىرگە بىر جەڭدە مەغلۇپ ئىلكىدە سەرسان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي ئامىلىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي باشقا قىزلاردىن كۆرۈۋاتىدۇ. شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەككى، رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر زەررىسىدە مەخپىي رىقابەت پۇرسەت يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. سىلەرنىڭ بېشىڭلاردىكى بۇ مۇشكۈلات ھەر قانداق بىر قوۋمنىڭ مۇشكۈلاتىغا ئوخشىمايدۇ. بۇنى ئەقىل بىلەن دەڭسەپ تاپقىنىڭىزدا سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، سىزدە شۇ قەدەر كۈچ - قۇۋۋەت، نىشان، غايە، ئىشەنچ بولىدۇكى يىگىرمە تۆت سائەت سىزگە ئازلىق قىلىدۇ ۋە ھەتتا ئادەمگە ئۇيقۇ بولمىسا بولمامدۇ، دەپ ئويلاپ قالىسىز. گەپ سىزنىڭ بىرگە بىرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشىڭىزدە!...

بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل مەن بۇ جەڭدە جەزمەن يېڭىمەن دەيدىغان جۇشقۇن روھ ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆز نەپسىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىشىڭىزدا. سىز ھەرقانداق قىيىنچىلىق، مۇشكۈلاتلارنى كۆزگە ئىلماسلىقىڭىز، جاپا - مۇشەققەتنى پۇرسەت دەپ بىلىشىڭىز لازىم. يەنى «ئەركەكتەك ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىڭ ... جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، نامراتلىق ئۈچ مۇنەۋۋەر ئۇستاز» [7] دەپ بىلىڭ.

ئەگەر مەن بېشىمدىن ئۆتكەن بۇ ھەقتىكى ھېكايەمنى سۆزلەپ بەرسەم ئېھتىمال، ئىشەنمەسلىكىڭىز، ھەتتا مەسخىرە قىلىشىڭىز، ئەخمەق، «تاشتىن ماي چىقىرىدىغان، ناھايىتى پەس ئادەم» كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. لېكىن مەن بۇ ۋەقەنىڭ سىزنىڭ روھ چاقماقلىرىڭىزنى چېقىپ ئوت ئالدۇرۇۋېتىدىغانلىقىغا، ھېسسىياتىڭىزنى قوزغاپ، ۋۇجۇدىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئويلاندۇرۇپ، سىزنى ھەيرانلىق ئىلكىدە ئەجەبلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چوڭقۇر ئويلىنىشتىن بۇ ھېكايە سىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ياشاش ئۇسۇلىڭىزغا يېڭى ئىز ئېچىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، مەن شۇنداق بولۇشنى تولىمۇ خالايمەن.

خوش، ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭ:

2008 - يىلى 18 - ئۆكتەبىر. بۇ مېنىڭ 65 ياشقا كىرگەن، قېرىپ ماكچايغان ۋاقتىم، لېكىن شۇ كۈنى مەن قىلغان ئىشنى مەن - مەن دېگەن ياشلار قىلالمايدۇ، قاراڭ، تۆۋەندىكى سۈرەتتە نېمىلەر ئىپادىلىنىپتۇ:

ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان يەر ئاستى تۆت قەۋەتلىك بىنا، قاتار - قاتار دۇكانلار ئالدىدا تاغدەك كۆمۈر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بىرى داڭكاندا كۆمۈر توشۇماقتا. ئەتراپتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ياكى ياردەم قىلىۋاتقان بىرەرى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ نېمىشقا يەنە بىرەيلەننى ھەمراھ قىلىپ زەمبىل بىلەن توشۇمايدىغاندۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ كۆمۈر ئەكىرىدىغان يېرىگە يا قول ھارۋىسى ياكى زەمبىل بىلەن ئەكىرگىلى بولمايدۇ. كۆمۈر ئەكىرىش ئۈچۈن ئوتخانا ئىچە-



دىكى تار يول بىلەن پارنى بىناغا ھەيدەپ بېرىدىغان
ئىككى سۇ پومپىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئاندىن سوزۇنچاق
ئورۇنغا دۆۋىلەپ تۆكۈش لازىم. بۇنىڭغا خېلى مەن - مەن
دېگەن ئىشلەمچىلەر چىدالمايتتى. ئۇلار داڭكاندا بۇ ئىشنىڭ
ئالدىدىكى 10.5 توننا كۆمۈرنى توشۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن
ۋاقىت، قاتتىق تەر كېتىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. مانا ئەمدى
بۇ سۈرەتنى چوڭايتىپ، ھەربىر دېتالىنى ئايرىم كۆرسىتىپ
تونۇشتۇراي: ئاشۇ داڭكاندا كۆمۈر تۆتۈپ تۇرغان ئادەم —
مەن. يەنى مۇشۇ چىرايلىق بىنانىڭ تۆتتىن بىر ئۇلۇشىنىڭ
خوجايىنى. قاتار تۇرغان دۇكانلار باشقىلارغا ئىجارىگە بې-
رىلگەن.

خوش، ماڭا بۇ كۆمۈرنى ئۆزۈم توشۇشۇمغا نېمە
سەۋەب بولدى؟ پار قازىنى تېخى ماڭمىغان، بۇ ئالدىن تەي-
يارلىق ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كۆمۈر ئىدى. بىزنىڭ رادىيو -
تېلېۋىزىيە باشقارمىسى ئائىلىكلەر قورۇسىنىڭ تازىلىقىنى قى-
لىدىغان ئوسمان ئاتلىق ناھايىتى ئىشچان ئادەم بار ئىدى.
كۆمۈرنىڭ گېپى بولغاندا ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «ئاكا،
كۆمۈر كەلگەندە ماڭا خەۋەر قىلىڭ، توشۇشۇپ بېرەمەن»
دېگەنىدى.

كۆمۈر كەلدى، ئوسمانجانمۇ ئەتىگەندىلا كەلدى.
ئەمما ئۇ ئىككى قېتىم كۆمۈر ئەكىرىپ بېقىپلا، داڭكاننى
تاشلىدى - دە، مېنىڭ «ھاي ئوسمانجان، ھاي ئوسمانجان
نەگە؟» دەپ ۋارقىرىغىنىمغىمۇ قارىماي تىكىۋەتتى. مەن
تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ ئىككىمىزنىڭ بۇ كۆمۈرنى بىرگە
توشۇپ بولۇشىمىزغا كۆزى يەتمىگەنىدى، قاچتى...
ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەش - پەش دېگۈچە كەچ
كىرىدۇ. ئادەم ئىزدىدىم، تېپىلدى، ئۇلار توننىسىغا ئوتتۇز
يۈەندىن دېيىشتى. مەن يىگىرمە يۈەندىن دېدىم، ئۇنىمى-
دى. مېنىڭدە كىچىكىمدىن تارتىپلا مۇنداق خاراكتېر يېتىل-
گەنىدى: مەن لىللا ئادەم ئىدىم، ئالىدىغان، ساتىدىغان نەر-
سەمگە قارشى تەرەپمۇ پايدا ئالىدىغان، مەنمۇ زىيان تارت-
مايدىغان باھا قوياتتىم. ئەگەر ئۇ باھايىمغا كەلمىسە ئالمايت-
تىم، ساتمايتتىم. سېسىپ كەتسە مەيلى دەيتتىمكى بەرمەيت-
تىم. ئەگەر ئوشۇق ئېلىشىمغا توغرا كەلسە، ساتقۇچىغا مىلىك
مانچە پۇل، ئەمما بۇنىڭ ئوشۇق پۇلى ساڭا خەير - سەدىقە،
بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭ ئالمايمەن دەيتتىم. شۇڭا مەن ھەرگىز
سودىگەر بولالمايتتىم ھەم سودا بىلەنمۇ خۇشۇم يوق ئىدى.

ئاخىرى بىرىگە يۈز يۈەن بېرەي، مەن ھەمكارلىشاي
دېسەممۇ ئۇنىمىدى. ئۇ ناھايىتى ئىنسابسىزلىق قىلىۋاتاتتى.
بۇ كۆمۈر كەچكىچە تۆكەيتتى. كەچكىچە يۈز يۈەنگە ئىشلە-
سە بولمىدىمۇ؟ توۋا، بىكار يۈرىدۇكى، پۇل تاپاي دېمەي-
دۇ... ئويلا، ئويلا غەزەپلەندىم. «سەن گويلارغا يالۋۇ-
رامدىم، ئۆزۈم توشۇسام بولمامدۇ، ئاشۇ پۇلنى ئائىلەمدى-
كىلەرگە خەجلەپ بېرىپ، خۇش قىلسام بولمامدۇ!...» غەي-
رەتكە كەلدىم، ئويلاندىم. ئاشۇ تاغدەك كۆمۈر ئالدىدا تە-
پەككۇرۇم توختىماي پەرۋاز قىلاتتى:

شۇ تاپتا بۇ كۆمۈر مەن بىلەن بىرگە بىر جەڭ ھالىتى-
دە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ مېنى جەڭگە چىللاۋاتاتتى. مەن دېگەن
«چىدىساڭ ياشا» ناملىق شېئىرنى يازغان كىشى. چىدىساڭ
ياشا دېگەن مۇشۇ، مەن ئۆزۈم يېزىپ ئۆزۈم ئەمەل قىلمى-
سام بولامدۇ؟!... مەن ھەر قېتىم ئاشۇنداق قىيىن ئىشلارغا
دۇچ كەلگەندە ئاشۇ شېئىرىمنىڭ مىسرالىرى سېھىرلىك بىر
پەرىشتىدەك ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەت - جاسارەت ئاتا
قىلاتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئويلاندىم: ئەگەر شۇ
تاپتا مەن جىنايەتچى بولۇپ، بېشىمدا مىلتىق تەڭلىنىپ
تۇرغان بولسا، بۇ كۆمۈرنى جەزمەن توشۇغان بولاتتىم،
ئەگەر مەن قول بولغان بولسام جەزمەن توشۇغان بولاتتىم.
ھازىر نېمىشقا توشۇمايمەن؟ پۈتۈن ئىنسانىيەت ماھىيەتتە
قول. ئىنسان جاپا - مۇشەققەت ئىچىگە يارالغان، ئادەم

ئاتىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى زېمىنغا شۇنداق ئاپىردە قىلىنغان. ئۇنداقتا مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. مېنىڭ «سەن ئۆزۈڭ قۇل، ئۆزۈڭ پادىشاھ» ناملىق شېئىرىم شۇ مەزمۇندا يېزىلغان ئەمەسمىدى. كۆڭلۈمدە شۇ شېئىرىمنى تەكرارلىدىم:

هەرنە دېسە مەيلى هەر كىشى،
سەن ئۆزۈڭ قۇل، ئۆزۈڭ پادىشاھ.
قۇلسەن دۇنيا مېھنەت ـ ئەجرىگە،
شاھ سەن بەختكە قەلبىڭدە تەنھا.

هەر قەلبىنىڭ سەزگۈسى ئۆزگە،
لېكىن هايات ئىنسانغا ئورتاق.
سەن هاياتسەن،
سەن ئۆزۈڭ ئالەم.
ئىلكىڭدىدۇر قانداق ياشىماق!...

خىيالىمدا يەنە مېنىڭ يېشىمدىكى بىر يازغۇچىنىڭ سۇرگۈندە يۈرگەندە قاراڭغۇ كېچە ئاختارمىدا تەمتىلەپ سۇ تۇتۇۋاتقان كۆرۈنۈشى كەلدى. ئۇنى ئويلىغانسېرى غەيرىتىم ئاشتى. تولستوي مۇنداق دېگەن ئىدى: جىسمانىي ئەمگەك قىلمىسىڭىز تېنىڭىز هەقىقىي ساغلام بولمايدۇ. ئەگەر كەيپىڭىز دائىم چاغ بولسۇن دېسىڭىز، ئۇنداقتا قەرەللىك هالدا جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ بېرىڭ، سەل ـ پەل هارغىنلىق يەتكۈچە ئىشلەڭ.[8]

شۇنىڭ بىلەن قارا باتۇرغا قاراپ خىتاب قىلدىم:

«ئەي قارا باتۇر، سەن ئالدىمدا تولا كۆرەڭلىمە، مەن جەڭگە چۈشسەم سەن هامان تۈگەيسەن. مەن بىقىنىڭدىن بىر ـ بىرلەپ ئۇستىخانلىرىڭنى شىلىپ تۈگىتىمەن. ئەمما سەن كۆپەيمەيسەن، ئازلايسەن. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن مەن يەڭمەي كىم يېڭىدۇ!»

هۇجۇم!...

جەڭگە ئاتلاندىم. دەسلەپتە ئايالىم ئاز ـ تولا ياردەملەشتى. ئەتراپتىكىلەر هەيران: دۇكاندارلار، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تونۇش ـ بىلىشلەر، ئەرلەر، ئاياللار ... مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قىسقا دىيالوگ بىلەن بېرىمەن:

دۇكاندار ياڭ: سەن ئۆزۈڭ توشۇمدۇ بىزنىڭ فاڭدۇڭ، (ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ) ئابلەتكامنىڭ پۇلى جۇڭگو خەلق پۇلى ئەمەس، ئامېرىكا دوللىرى...

«ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىۋەنى: يا ئاللا، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىكەنسىلەردە، نېمە گەپ بۇ جاپا تارتىپ...

ئارزۇگۈل (ئايالىمنىڭ دوستى): ۋاي ئاللا، نېمە ئىش بۇ، ئۇۋيات، نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ... كىشىلەر نېمە دەيدۇ، پۇلغا تويمايدىكەنسىلەردە ...

...

كەچ كىرىۋاتاتتى. ئايالىم نەۋرەمنى ئېلىپ كەتتى. توشۇدۇم، توشۇدۇم. قاراڭغۇ چۈشتى. تەلىيىمگە يول چىراغلىرىنىڭ كۈچلۈك نۇرى كۆمۈرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. خىيال ماڭا هەمراھ ئىدى. هەر قېتىم داڭكاندا كۆمۈر توشۇپ ماڭغىنىمدا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا لەنتەيزىدىكى سۆڭگۈچ خاڭدا كۆمۈر توشۇغان چاغلىرىم يادىمغا كېلەتتى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بۇ كۆمۈر توشۇش ئويۇنچۇق قاتارىدا ئىدى. ئۇ كۈنلەر ئوقۇتقۇچۇم مجىت سىراجىدىنىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق تىزىلغانىدى:

«1958 ـ يىلى، قىش، تۆمۈر ـ پولات تاۋلاش مەزگىلى، بىز سۆڭگۈچ خاڭدىن كۆمۈر توشۇشقا بەلگىلەندۇق سۆڭگۈچ خاڭ تاغ ئىچىگە سۆڭگۈپ كىرىپ كەتكەن، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ يولدىن ئىبارەت بىر ئۆڭكۈردۇر. ئۇنىڭ يول بويىدىكى ئويۇقچىلىرىغا (كامارلىرىغا) هەم يورۇق بېرىدىغان هەم قويۇق، قاڭسىق ئىسلىرى بىلەن خاڭ ئىچىنى قاپلاپ كېتىدىغان جىنچىراغلار قويۇپ قويۇلىدۇ. خاڭ ئىچىدىكى بۇ سۇماي هىدى كۆڭلىڭىزنى ئېلەشتۈرۈپ، بېشىڭىزنى قايدۇرىدۇ. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، تار، قاراڭغۇ، ئەگىم ـ ئەگىم يوللاردىكى قورام تاشلار ناهايىتى بايقاپ قەدەم تاشلىمىسىڭىز پۇتلاشتۇرۇۋېتىدۇ. پۇتلاشقىنىڭىز ــ يىقىلغىنىڭىز. يىقىلغاندا قايسى تەرەپكە چۈشۈپ كېتىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ئەتراپتىكى جەينەكتەك چىقىپ تۇرغان خەنجەردەك ئۆتكۈر قىيىق تاشلار نەيزىسىنى سانجىيدۇ. قولىڭىز، بىقىنىڭىز يا بېشىڭىز زەخىملىنىدۇ، يېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پاكار، تار يولدا ئىسسىق ۋە تىنچىقتا يالاڭ كىيىم بىلەنلا ئېڭىشىپ، ئېھتىيات قىلىپ مېڭىشىڭىز كېرەك. ئالدىڭىزدا كېلىۋاتقان زەمبىل كۆتۈرگەنلەر يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇلارغا ئورۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىر بىقىنىڭىزنى قورام تاشلاردىن يەنە بىر بىقىنىڭىزنى زەمبىل

كۆتۈرگەنلەردىن قوغداپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىسىز. مۇشۇنداق شارائىتتا 8 سائەت ئىچىدە 80 زەمبىل كۆمۈر توشۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا ھەر ئالتە مىنۇتتا خاڭ ئىچىدىن بىر قېتىم كۆمۈر ئېلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. سۆڭگۈچ خاڭلارنىڭ كۆنگەيگە قاراپ تۇرغان ئېغىزلىرى پەستىكى كۆمۈر دۆۋىلىنىدىغان تەكشىلىكتىن يېرىم دەرەخ بويى ئېگىزلىكتە ئىدى. بىز خاڭ ئىچىدىن يورۇق دۇنياغا چىققىنىمىزدا زەمبىلدىكى كۆمۈرلەرنى ئۆرە تۇرغانچە سىلكىپ تۆكەتتۇق-تە، يۆگۈرگەن بويىچە يەنە خاڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتۇق.

بىز ئەنە شۇنداق ئىنتەك قاتراپ يۈرۈپ ئىشلىگەچكە 8 سائەتنى تولدۇرغىچە چارچاپ ھالىمىزدىن كېتەتتۇق. قىزىق يېرى راسا ھېرىپ- چارچىغاندا كىشىنى ئۇيقۇ باسىدىكەن. خاڭ ئىچىدە زەمبىلنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندىمۇ يېرىم ئۇيقۇ ھالىتىدە ماڭاتتۇق. بولۇپمۇ زەمبىلگە كۆمۈر سېلىش نۆۋىتى زەمبىلدىشىمىزغا كەلگەندە، ئاشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆرە تۇرغان بويىچە ئۇبدانلا ئۇخلىۋالغىلى، كۆزلەرنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغىلى بولاتتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى ئوقۇپ، سىزنىڭ زەمبىلدىشىڭىز كىم ئىدى؟ دەپ بىلگىڭىز كەلگەندۇ. مېنىڭ زەمبىلدىشىم باشتىن- ئاخىر بىرلا ئوقۇغۇچى يەنى ھازىر لىرىك شېئىرلىرى بولۇپمۇ ‹چىدىساڭ ياشا› ناملىق داڭلىق شېئىرى بىلەن ئەلگە تېخىمۇ كەڭ تونۇلغان شائىر ئابلەت ئابدۇللا ئىدى.

بىز بىر نەچچە ھەپتە ھەر 8 سائەت ئىچىدە 80 زەمبىل كۆمۈر توشۇش ۋەزىپىسىنى ئەلا ئورۇنلىيالايلا قالماي، ئاخىرىدا 120 زەمبىل يەنى تۆت مىنۇتتا بىر زەمبىل كۆمۈر توشۇپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردۇق. شۇ چاغدا مۇنداق يېڭىلىقنى بىزدىن باشقا ھېچكىم يارىتالمىغانىدى. بىز ‹سۈنئىي ھەمراھ› قويۇپ بەرگەندۇق!...»

ھازىر ئاشۇ ۋەقەگە يېرىم ئەسىر بولغانىدى. ئەمما ئاشۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىمدىكى جاھىل روھنىڭ قېرىغان ۋۇجۇدۇمدا ھېلىمۇ بارلىقىدىن روھلاندىم. 10.5 تونىنا كۆمۈر ئەتىسى چۈشتە تۈگىدى، ئاخىرى بۇ جەڭدە مەن غەلىبە قىلدىم! ...

ھېسابلاپ باقسام 16 سائەت ئىشلەپتىمەن. ئۆزۈم تېتىك، خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتتىم، تېخى ئاخشىمى راھەتلەندىم. ئەتىسى كۆمۈر توشۇشقا راسچوت قىلغان پۇل ھېسابىغا ئائىلەمدىكىلەرنى مېھمان قىلدىم...

خوش قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولسىڭىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟ مۇقەررەركى، سىز باشقىچە خاراكتېردە، باشقىچە ئوي- خىياللاردا، باشقىچە تۇرمۇشنى قوغلاشقان بولاتتىڭىز ۋە بۇ جەڭدە يېڭىلاتتىڭىز...

ئوغۇل بالىغا بىر نەچچە نۆۋەت ئامەت يار بولىدۇ، پۇللۇق بولىدۇ، لېكىن دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش — نەپسىنى بوغماق، پۇلنى چىڭ تۇتماق! بىزنىڭ تالاي- تالاي بايۋەچچىلىرىمىز نەق مۇشۇ چوققىدىن غۇلاپ چۈشىدۇ، ئۇ چۈشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەيدۇ.

كۈندىلىك ھاياتىڭىزدا ئورۇنسىز بىر تىيىن ئۈستىدە تىك تۇرالىسىڭىز سىز غەلىبە قىلىسىز، ئاددىي، خاتىرجەم ياشيالايسىز. باي بولالايسىز. سىز ئاز- تولا يول تاپقاندا چوڭچىلىق قىلدىڭىزمۇ تۈگىدىڭىز! ... سىزگە مودا كىيىم كىيىشنى، ئالىي رېستورانلاردا ئولتۇرۇشنى... كىم قويىدى؟ سىز كىم، بۇ قانداق دەۋر، قانداق زامان، سىز قانداق رىقابەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىسىز!؟...

تولستوي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەم تەپەككۇر قىلالىسا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالايدۇ.» بۇ سۆز ھەممە ئادەمنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئوقۇۋاتقان بېلى بوش، كۆرەڭ، ياسانچۇق، ھۇرۇن، پوچى، ئويۇن- تاماشىغا ئامراق ئىستۇدېنتلارغا قاتتىق ئاچچىقىم بار، ۋاقتى- سائىتى ئۆزىنىڭ پىنھان يۈزىنى ئاچتىكى، كۆڭلۈمنى ئېيتىۋالاي:

سىز ئوقۇغۇچى، سىزگە ياسانچۇقلۇقنى، ئالىي رېستورانلاردا ئولتۇرۇشنى؛ ھاراق- شاراب ئىچىپ كۆرەڭلىك قىلىشنى، باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ مودا قوغلىشىشنى كىم قويىدى؟ ئاچچىق تىلىم: سىزدە ۋىجدان- غۇرۇر يوق! ... بالامنى ئوقۇتىمەن دەپ ئاشۇ تاقىر ئېتىزدا ئىشلەپ، مۆكچىيىپ، قارىداپ كەتكەن قېرى ئاتىڭىزنى، ئۆزى يېمەي- ئىچمەي سۈت، تۇخۇم سېتىپ ياكى كوچا سۈپۈرۈپ تۆت تەڭگە تاپسىمۇ « بالامغا» دەپ پۇل ئەۋەتىۋاتقان ئاجىز ئانىڭىزنى ئويلاپ قويمىسىڭىز، سىزدە ۋىجدان بار، غۇرۇر بار دېگىلى بولامدۇ!؟ ...

18 گە كىرگەن بالا دېگەن گىراژدان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ

ئائىلىسىگە قەتئىي ئىغىرلىق سالماسلىقى كېرەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسىڭىزمۇ بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ تەمىنلىشىڭىز كېرەك. يۈلىنىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىگە بولۇشىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيقۇنى ئاز ئۇخلاپ، نەپسىڭىزنى يىغىپ، ئاددىي تاماقلىنىپ، ئاددىي، كونا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈۋېرىشىڭىز كېرەك. كىم سىزنى چەتكە قاقىدۇ، زاڭلىق قىلىدۇ؟

مەن سىزگە ئېيتىپ قويايكى سىزگە ئۆمۈرلۈك ئەسقاتىدىغان قىز يەنىلا سىزنى تاللايدۇ. ئۇ سىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ: ئاددىي، نەپسىنى تۇتالىغان، ئىقتىسادچىل، تىرىشچان، بار ـ يوقتا ئوخشاش، ياسانچۇق ئەمەس خاراكتېرىڭىزنى يارىتىپ، مۇشۇ يىگىتكە كۆڭۈل بەرسەم كەلگۈسۈم بەختلىك ھەم خاتىرجەم ئۆتىدىكەن دېگەن ھېسسىيات ـ تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە ئويلايدىغان قىز بولسا قېچىڭ! چىن سۆز شۇكى، ياخشى قىزلار ئەڭ سەزگۈر، تۇيغۇن، ئۇلار ئادىمىي ئادەمنى ئىزدەيدۇ...

ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە مەن سىزدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغان بولسام، سىزگە ۋەدە بېرەلەيمەنكى ئامال بار ئائىلەمدىن قەتئىي پۇل ئالماي، جان تىكىپ پۇل تاپقان ۋە غورىگىل ياشاپ بىلىم بىلەن كۆكسۈمنى چىڭدىغان بولاتتىم!...

كىشىلەر نېمە دېسە دېسۇن، ئۆزىڭىز توغرا يولنى بويلاپ، ئۇلۇغ غايە ـ نىشانىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ! باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، دوراپ ياشاش ھامان سىزنى يەر قىلىدۇ، مانا بۇ ھەققىي ئىنسان تەبىئىتى بويىچە ياشاش يولى. گۈزەل كەلگۈسى ھامان سىزدەك غالىب ئوغلاننى قارشى ئالىدۇ ۋە ئالقىشلايدۇ!...

※ ※ ※

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «چىدىساڭ ياشا» نى مانا شۇنداق ئاچچىق كەچمىشلەر، ھايات تەلقىنلىرى، كىشىلىك دۇنياسى ۋە ئالەم قانۇنىيەتلىرى ئاپىرىدە قىلدى:

**چىدىساڭ ياشا**

بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا،
قەلبىڭدە نومۇس بىلەن پەسلىك ئېلىشار.
شاھ، تەخت بىرگە بىر، پۇل بىلەن بەندە،
شۆھرەتكە دائىما ھەسەت چاپلىشار.
بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا!

بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا،
يىقىلساڭ يۆلىمەيمەن، ئۆزۈڭدە گۇناھ.
ئالتۇن بول، تۇپراق بول، سەن ئۆزۈڭ دۇنيا،
قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، پايدىسىز «ئاھ ـ ۋاھ»
بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا!

1985 ـ يىلى ماي

شۇنداق، شۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىر ھەققىدىكى ھېكايەم ئاخىرلاشتى ۋە «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيەتلىكلىرى قاتتىق ساقلانغان مۇھەببەت ئۆڭكۈرى» نىڭ ئاغزى ئېتىلدى. بۇ ئۆڭكۈردە ئۆتكەن ياشلىقىم، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم، ئوتتەك چاغلىرىم، قايناق ھېسسىياتلىرىم ۋە ماڭا شېئىر تۇغۇپ بەرگەن نۇرغۇن مەخپىي كەچمىشلىرىم سىلەرگە ئايان بولدى. مانا ئەمدى ماڭا ھېچكىم، ھېچنەرسە شېئىر تۇغۇپ بەرمەيدۇ. پۇرلاشقان، كاۋاكلاشقان قېرى دەرەخ كۆتىكىدەك سولغان ھېسسىيات يىلتىزى ئەمدى ئەۋرىشىم، نۆۋەر سۆيۈملۈك نوتىلارنى سۇرەلمەيدۇ، سوۋۇپ كەتكەن قەلەمگە ئوت بېرەلمەيدۇ. قەلبىمدە شېئىرىيەت گۈلخانى ئۆچتى، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت كۈلگە كۆمۈلۈپ ئاجىز پىلدىرلاۋاتقان ئاخىرقى ھايات ئەسلىمىلىرىنىڭ ئۇششاق، پارچە چوغلىرىلا قالدى، خالاس!


ئىزاھلار:

[1] بىلال نازىمى شېئىرى

[2] «شنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىلى 1 ـ سان 20 ـ بەت.

[3] ئابلەت مۇھەممەت: «بىزگە زۆرۈرى قەتئىي ئېنىقلىق»، «شنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىلى 2 ـ سان، 72 ـ بەت.

[4] ھۆرمەتجان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قارىشى توغرىسىدا»، «شنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىلى 3 ـ سان 82 ـ بەت.

[5]، [6] «چىدىساڭ ياشا» ناملىق توپلام، 140 ـ 210 بەتلەر.

[7] رومان W پىير: «پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ»، شنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، 224 ـ بەت.

[8] «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2009ـ يىلى 5ـ سان، 106ـ بەت.


---


ئاپتور: ئىلى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى.

www.uyghurkitap.com




## قەلب چېقىندىلىرى

▲ مۇھەببەت — ئىككى قەلب ئارىسىدىكى ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن پىنھان چىغىر يول.

▲ ئەخلاق گوياكى بىباھا گۆھەر، ئۇ خىسلەتلىك ۋە كۈچلۈك نۇرلىرى بىلەن قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتىدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىرقىسىم نادانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەركىنلىكنى چەكلىگۈچى بويۇنتۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئىنساننى توغرا يولغا، ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان، ئېتىقادقا ياندىشقان ئاددىيلىك مىزانى، خالاس.

▲ روھىيەتتىكى گۈزەللىك — ئەخلاق ۋە شەرم-ھايادا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

▲ نادانلىق ۋە بىكار تەلەپلىكنىڭ ئاقىۋىتى — موھتاجلىقتۇر!

▲ مېۋىلىك بېغىغا ئوغرىلىققا كىرگەن ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كارى بولمىغان كىشى ئالىيجاناب كىشى ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان ئەخمەقتۇر.

▲ ئىرادە — نىشان ئۈچۈن نىجاتلىق يۇلتۇزى. چۈنكى، ئىرادە بولغاندىلا ئىجتىھات بولىدۇ، ئىجتىھات بولغاندىلا ئىجادىيەت بولىدۇ.

▲ ئالەمنىڭ ئېتىكى كەڭرى، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىدىكى كەڭلىك ئالدىدا يەنىلا كىچىكلىك قىلىدۇ.

▲ چىن ۋە ئۇلۇغۋار نىشان ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق ئۈچۈن تارتقان كۈلپەتلەر كۈلپەت ئەمەس، بەلكى راھەتتۇر.

▲ ناپاك ئىش قىلغۇچىلار — روھىيىتى ۋە جىسمىمۇ ناپاك پاسىقلاردۇر! ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئىلغۇغا ئېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ، بىخىسىپ، سېسىپ كەتكەن گۆشتىن پەرقسىزدۇر!

▲ ماختانچاقلىق — روھىي گادايلىقنىڭ، مەنىۋى نامراتلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ شەرم-ھايا — ئىنساننىي ھايۋاندىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان، قەلبنى ئېتىقاد-ئىمان نۇرىدا يورۇتىدىغان نۇرانە چىراغ. ئۇ كىشىگە قەدىر-قىممەت ۋە زىننەت بېغىشلايدۇ، ھۆرمەت ۋە ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ روھىيەتتىكى گۈزەللىكنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر.

▲ دوستۇم، سىز تىلەمچىنى كۆرگەنمۇ؟ يەتتە ئەزايى ساپساق تۇرۇپ، نومۇس قىلماستىن كىشىلەردىن تىلەپ يەپ جان بېقىۋاتقان شۇ داشقال، ماڭقۇرتلاردا غۇرۇر ۋە ئادەمىيلىك ۋىجدان نېمىش قىلسۇن؟! سىز يەنە ئۆزى مېيىپ، كۆرۈمسىز بولسىمۇ ھالال ئەجىر-مېھنەتكە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان مايلامچىنى پەس كۆرمەڭ. ئۇ قەدىر-قىممەت، غۇرۇر-ۋىجدان، ئادەمىي خىسلەت بابىدا ھاتەمگە تەڭدۇر!

▲ يىرىك قوللارنىڭ ھەممىسى كەتمەن چاپقان بولۇشى ناتايىن، پاختىدەك يۇمشاق قوللارنىڭ ھەممىسى قەلەم تۇتقان بولۇشى ناتايىن.

▲ قىزىقىش — بىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغانلار دەل ھېچنېمە قىلالمايدىغانلاردۇر.

ئابدۇناسىر ئابدۇرېھىم سەئىد

---

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزىلىق شىپاخانا خادىمى كەنت سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتىدا.

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئادەم، ھەممىگە باراۋەر ئادەم؛ كۆڭلى-كۆكسى تار ئادەم، ئەل ئىچىدە خار ئادەم.

▲ ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم، تولا ھاللاردا باشقىلارنى نادانلىققا باشلىغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

▲ چۈشەنمىسىمۇ كۈلىدىغانلار، چۈشەنگەندە يىغلاپ تاشلايدۇ.

▲ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغانلارنى قارىقويۇق باتۇر دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئار-نومۇسنى يوقىتىشتىنمۇ قورقمايدۇ.

▲ بىز دەۋاتقان بىلىملىك ئادەملەر ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى بىلىپ، نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى قارىنى كۆرەلىگەنلەر، باشقىلار بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتەلەيدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ يالغانچىلار ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىدىغان جاھالەت چوماقچىلىرىدۇر.

▲ ئاققۇزغان تەرلىرىڭ قەدرى - قىممىتىڭنىڭ پەرۋىش سۈيى.

▲ ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ساداقەت، ۋاپاسىدىن ئائىلە ئىللىق نۇرغا چۆمۈلىدۇ.

▲ شەكلەن قىلىنغان ئىش «قىلىپ»تىن، ئەقلەن قىلىنغان ئىش قەلبتىن چىقىدۇ.

▲ ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىمگىنى كۆيۈنمگىنى، ئەركىشىنىڭ كۆڭلىمگىنى كۆيمگىنى.

▲ ئادەمنى ياخشىلىققا، ئىنساپ - دىيانەتكە باشلايدىغان ئاگنى خۇراپاتلىق دەيدىغانلارنىڭ ئۆزى خۇراپىي ئادەملەردۇر.

▲ جاھاندىن بىخەۋەر ئادەملەر، بىر - بىرىگە بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىدۇ.

▲ شەيتان قۇرۇق گەپ تالاشقانلاردىن خۇشاللىق تاپسا، مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلاردىن ئازاب چېكىدۇ.

▲ شوتا مۇستەھكەم بولمىسا، يۇقىرىغا ئۆرلەش ھالاكەتلىك بولىدۇ.

▲ بىلمىسىزنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۇنۇمسىز، يۇرۇش - تۇرۇشى كۆرۈمسىز، قىلىقلىرى بولۇمسىز كېلىدۇ.

▲ «ھېچنېمىدىن قورقمايمەن» دەيدىغانلار، ئەمەلىيەتتە ئەڭ قورقۇنچلۇق ئادەملەردۇر.

▲ ئەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلار، نەپ دەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلاردۇر.

▲ نەپسى تاماخورنىڭ ئۆزى بالاخور.

▲ نادانلىق — روھنىڭدىكى زۇلمەت.

▲ قەپەس سىرلانغانچە، ئىچىدىكى قۇشنىڭ كۆڭلى شۇنچە بىئارام بولىدۇ.

▲ بىلىملىك، ئەخلاقلىق، شۇنداقلا ئىلىم سۆيەر ساخاۋەتچى بايلار بىر يۇرتنىڭ ئەڭ سەرخىل كىشىلىرىدۇر.

▲ قىسماق كۆپ ھاللاردا ھامان سىنىڭ ئاجىزلىقىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئاجىزلىقنى تونۇغان ئادەم يولىدىكى قىسماقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلىگەن ئادەمدۇر.

▲ قېيىدىغاق ئادەمگە بەخت - ئامەت تەتۈر قارىۋالىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ يۈزى قېلىنلاشقانسېرى، نەپسى يوغىناپ، ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ.

▲ دائىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقانلارنىڭ، كۆمىچى كۆيۈك بولىدۇ.

▲ ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىش توك قاچىلىغانغا، تارقىتىش چىراغ ياققانغا ئوخشايدۇ.

▲ ئەركە كۆنگەن سەركە بولالماس.

▲ قېنى قىزىپ تۇرغانىڭ، ئۆزى ئېزىپ تۇرىدۇ.

▲ كۆپ كۆرگەننىڭ كۆزى، كۆپ ئويلىغانىڭ ئەقلى ئېچىلىدۇ.

▲ سەۋەنلىك تەكرارلانمايدۇ، ئەمما قەستەنلىك تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

▲ ھەقىقىي يىگىت ھەرگىزمۇ دەردىنى كەيپكە تۆكمەيدۇ.

▲ خاتالىقنى دائىم باشقىلاردىنلا ئىزدەيدىغان ئادەمدە سەممىي نىيەت بولمايدۇ.

▲ مەسىلىلەرنىڭ ھالقىلىق يېرى ئۇنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قورالىق بۆلۈمدە، ئوفىتسېر.

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ كىشىلىك ھايات مۇزىكىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئۆز قۇربىڭدا قانچىلىك چالالىساڭ شۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىسەن.

▲ سازەندىنىڭ زەخمەك تۇتقان قولى قەلب فونتانىنى، پەدە باسقان قولى ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى تەتقىقاتچىغا ئايلانسا ئوقۇغۇچىمۇ ئىجادكارغا ئايلىنىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولسا ئوقۇغۇچىدا تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى بولىدۇ.

▲ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلى مەنزىلگە يېتىشتىكى ئەڭ ئىلغار قاتناش قورالىدۇر.

▲ بىلىم يېگىلاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئوقۇتقۇچى كونا چاپانغا ئامراق مالچىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ دەرسلىك كىتابىدىن باشقا كىتاب كۆرمەيدىغان ئوقۇتقۇچى بىر پۈتلۈق زىيالىيدۇر.

▲ روھى ساغلام ئوقۇتقۇچىدا «بىر پىيداگوك مىڭ داستان» دېگەن سادا جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

▲ پىداكار باغۋەن بولالىساڭلا، باغلىرىڭدا رەيھان پۇرايدۇ.

▲ نىيىتى توغرا ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭغا، نىيىتى قارا ئادەمنىڭ ئىشى «سول» غا تارتىدۇ.

▲ كۆڭۈل كۆزى كور ئادەم دوستلۇق گۈلىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ قەلبىدە بىر تۈپ قىزىلگۈل ئېچىلدۇرالىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ قەلبىدە مىڭ تۈپ قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ھۇسەنجان نامان

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

www.uyghurkitap.com



# تۇرمۇش سوۋىتى ۋە ئۆگىنىش ئېھتىياجىمىز

تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

1

پىياجېت: «جەمئىيەتتە ھەر بىر مىنۇتتا مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ياۋايى ئادەملەر دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەرگە، ئىجتىمائىي يەككىلىككە ئايلاندۇرۇش كېرەك» دېسە، ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر: «بەدەن: يە، ئۇخلا، ئوينا، كۆڭۈل ئاچ دەپ تۇرىدۇ. روھىڭ بولسا: ياق، ئىشلە، ياخشىلىق قىل، ئازابلان، نەپسىڭنى يىغ دەپ چەك قويۇپ تۇرىدۇ. جىسمانىي تەلەپ بويىچە ياشىغۇچىلار ھايۋانلارغا يېقىنلىشىدۇ، مەنىۋى تەلەپ بويىچە ياشىغۇچىلار ئىنسان بولۇپ يېتىلىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن ياۋايى ئادەمنىڭ مەدەنىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىشىدا تەلىم - تەربىيە، ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ھەم تەخىرسىزلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەقلىيلىشىش كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان، بىلىم - تېخنىكا ئىگىلەش، تۈرلۈك ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە نىسبەتەن دەۋرنىڭ تەلىپى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك زامانىۋى دەۋردىمۇ، نۇرغۇن كىشىدە ئۆگىنىش ئېھتىياجىنىڭ شەكىللەنمەسلىكى، بولۇپمۇ كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆگىنىش قىلىشنى تېخىمۇ بىلمەسلىكى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. تۆۋەندە بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنى ئېھتىياج نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

## ئۆگىنىش دەۋرىگە كىرىش

ئادەم ئىدىيەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىمۇ مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولىدۇ. ئېھتىياجنى پەقەت ماددىي (فىزىيولوگىيەلىك) موھتاجلىق پەيدا قىلىپلا قالماستىن، مەنىۋى موھتاجلىق يەنى ئوي - خىيال، ئاڭ ۋە تەپەككۇر (ئىدىيە)نىڭ ئاڭلىق پائالىيىتىمۇ پەيدا قىلىدۇ. ئېھتىياج ئاكتىپ ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىزنىڭ تۈرلۈك ئىش - ھەرىكەتلىرىمىز، ئۇرۇنۇشلىرىمىز ۋە تىرىشچانلىقلىرىمىز مەلۇم ئېھتىياجنىڭ ھەرىكەتتىكى ئىپادىسىدۇر. ۋۇجۇدىمىزنى لەرزىگە سېلىپ تۇرۇۋاتقان، بىر ئىشلارنى قىلىشقا توختىماي قۇترىتىۋاتقان ماھىيەتلىك ئىچكى ئامىلمۇ دەل ئېھتىياج پەيدا قىلغان ئىچكى كۈچتۇر. ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىسىز بۈگۈنكى زامانىۋى، رەڭگارەڭ دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن؛ ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىسىز ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئېھتىياج بەخت ۋە ئامەتنىمۇ، بەختسىزلىك ۋە ئاپەتنىمۇ پەيدا قىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى، شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى، ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيىتىنىڭ رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئۆزىگە تەقەززا قىلىدۇ. كىملىك ئېھتىياجى ئۆزلۈكنى نامايان قىلىشقا دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ. ساغلاملىق ئېھتىياجى تۈپەيلى تېنىمىزنى ئاسراشقا، ساغلام بەدەن بولۇشقا تىرىشىمىز. ئادەم ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا خىزمەت ۋە ئەمگەك قىلىشقا موھتاج بول-

دۇ. دوستلۇق ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتسىز بۇ دۇنيا شۇ قەدەر مەنىسىزلىشىپ كېتىدۇ. بىلىم، ھۇنەر، تېخنىكا ئىگىلىمىسە رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىشنى، تونۇلغان ئادەملەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھاياتنىڭ مەنە ماھىيىتىنى تونۇغان، ئۆز قىممىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىرادىسىگە كەلگەن كىشىلەردە بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ...

ئېھتىياجنى چوڭ جەھەتتىن تەبىئىي (فىزىيولوگىيەلىك) ئېھتىياج ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا بۆلۈشكە بولىدۇ. تەبىئىي ئېھتىياج تۇغما خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بىۋاسىتە ھەم كەسكىن تۈس ئالغان بولىدۇ. مەسىلى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ جاي دېگەنگە ئوخشاش ئاساسىي ئېھتىياج كاپالەتكە ئىگە بولمىسا ھاياتلىقنى نورمال داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىش ۋەھىمىسى بولۇپمۇ ئاجىزلارنىڭ دائىم دېگۈدەك دەككە ـ دۈككە، قورقۇنچ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر نورمال ئادەم بۇ جەھەتتە ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىكچىلىك كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ. بىز ئادەتتە كۆپ تىلغا ئالىدىغان «تىرىكچىلىك» ئىبارىسى دەل جان ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ئىش ـ ئەمەللەرگە قارىتىلغان. ئۇيقۇسىزلىق ئۇيقۇغا، ھاردۇقنىڭ يېتىشى ئارام ئېلىشقا، سۇغا چۆكۈپ كەتكەندە نەپەسلىنىشكە نىسبەتەن ئېھتىياج پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولىدۇ. بىخەتەرلىك ئېھتىياجى تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەرگە نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىپ تۇرىدۇ... گەرچە تەبىئىي ئېھتىياجنى كۆپىنچە تۇغما ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، بىراق ئۇنى نوقۇل بىيولوگىيەلىك ھادىسە نۇقتىسىدىنلا چۈشىنىۋالماي پسىخىك ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن قاراشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن قورسىقىڭىز ئاچقان تۇرۇقلۇق يەنە تۇزۇت قىلىسىز ؟ ئۇياتلىق يەرلىرىڭىزنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىي ئېھتىياجدىن كېلىپ چىقىدىغان بەزى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئاشكارا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايسىز ؟ چۈنكى ئادەمدە نومۇسلۇق ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان ھايا ئېڭى بولىدۇ. ھايا ئادەمىيلىك خىسلەتنىڭ، ئىمانىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ، نومۇس ئېڭى قانچە سۇسلاشقانسېرى ھايۋانىيلىق تەبىئەت شۇنچە قوتراشقا باشلايدۇ. بۇ يەردە سىزنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئاساسىي ئامىل ئەخلاقىي ئاڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر قىلىپ ئېيتقاندا ياراتقۇچىدىن ئەيمىنىش ئېڭىدۇر. دېمەك ئادەمنىڭ بىر قىسىم تەبىئىي ئېھتىياجلىرى تۈرلۈك چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بىرەر تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا چەتكە چىقىپ ئوقۇشنى نىيەت قىلغان ئادەمگە نىسبەتەن تىل ئۆگىنىش ئەڭ زۆرۈر بىلىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ مەسىلىدە تىل ئۆگىنىشتىكى مۇددىئا بولسا چەتكە چىقىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت ئېھتىياجنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئادەتتە قىسمەن مۇددىئاسىز ھەرىكەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىش ـ ھەرىكەتلەر مەلۇم مۇددىئا ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلەرنىڭ تۈرتكىسىدىن بولىدۇ. شۇڭا بىز بىراۋنىڭ يوچۇن ئىش ـ ھەرىكىتىگە قارىتا گۇمانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن «مۇددىئايىڭ نېمە؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز. دېمەك، ئېھتىياج مۇددىئانى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى مۇددىئا ـ مەقسىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئېھتىياجدىكى پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەتشۇناس شۇتس مۇددىئا بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ: «مۇددىئا ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ مەلۇم ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىشى كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ دېگەنلىك، بىز رېئاللىق ھەققىدە كاللىمىزدا مۇستەقىل چۈشەنچە ھاسىل قىلىش داۋامىدا، رېئاللىقنىڭ ئۆزىمىزگە مۇھىم بىلىنگەن تەرەپلىرىنى بېكىتىپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى بولسا ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ ئېڭىدا» دەپ قارىغان. ئىدىيەدە بىرەر مۇددىئا شەكىللەنگەن ئىكەن بۇ خىل قەلبنىڭ ھەرىكىتى مەزكۇر شەخسنى ھەرىكەتكە ئۈندۈشكە توختىماي دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسى، ئىقتىدار ئامىلى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەرقانداق ئېھتىياج پەيدا قىلغان مۇددىئانىڭ ھەرىكەتكە ئايلىنالىشى ناتايىن. گەرچە بەزىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش، بەزىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، يەنە بەزىلەرنىڭ جاھان كېزىش دېگەندەك ئارزۇلىرى كۈچلۈك بولۇپ، شۇ ئىش ئۈچۈن خېلى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى

كۆرستىپ باققان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىن.

بۇ جاھاندا ماددىي ئېھتىياجنى، تەننىڭ راھىتىنى ئاساسىي مۇددىئا قىلىپ ياشىغۇچىلار ھەقىقەتەن ساناقسىز. باياشات ۋە راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى، ھەممە نەرسىسىنىڭ تەل، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىشنى ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە پۇل - بايلىققا ئېرىشىشمۇ بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتنى ئۆزىگە تەقەززا قىلىدىغان بولغاچقا، ساپا - سەۋىيەسى تۆۋەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارمانىغا يارىشا بولمايدۇ. ئۇرۇنۇپ كۆرۈنۈشلەرنىڭ نەتىجىسىز ئاخىرلىشىشى، ئىشلارنىڭ پەقەت ئەپلەشمەسلىكى، ئۆزىگە نىسبەتەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى ئاقىۋەت چۈشكۈنلىشىش ۋە تەقدىرگە تەن بېرىشتەك مەھكۇملۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەزكۇر ئادەمنى ھازىرقى تۇرمۇشىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ياشاشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەلۋەتتە ئاجىزلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئۆزىنى بەزلەپ ياشاش «پەلسەپىسى» بولىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن تەبىئىي ئېھتىياجنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇرۇلۇشى ئەلۋەتتە ئادەمنى ئاز - تولا بولسىمۇ بەختەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ، كاللىدا باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا ئازراق بولسىمۇ يوچۇق ئېچىلىدۇ. بىراق ماددىي ئېھتىياجنىڭ كاپالىتى بىردىنلا مەنىۋى ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ناتايىن. بولۇپمۇ تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچىلىكىدىن قۇتۇلالمىغان، مەنىۋىيىتى تېگىدىن نامرات، ھاياتنىڭ ئەڭ يۈزە قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى تەبىئىي ئېھتىياج چەمبىرىكى ئىچىدە چەكلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۇلار چەمبەرنىڭ سىرتىدا يەنە قانداق دۇنيانىڭ بارلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھاياتنىڭ مەنە - ماھىيىتى ھەققىدە ئۇنچە چوڭقۇر ئويلىنىپ كەتمەيدۇ، توغرىسى ئويلاي دېسىمۇ مەنىۋى قۇربىتى يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇ قەدەر ئاددىي، ئەكسىچە تەقدىرچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك بولۇپ، پەقەت ئاچ - يالىڭاچ قالماي ياشاۋاتقانلىقىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ، كىشىلەرگە خۇددى ياشاشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا مەدىرلاپ يۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ - تەسىرات بېرىدۇ. گەرچە قورسىقى تويغان بولسىمۇ ئېڭى تېخى ئويغىنىش ھالىتىگە ئۆتمىگەن، مەنىۋى غۇربەتچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش غايىسى ئادەتتىكىچە بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۆگىنىش قىلمايمۇ ئىككى بىلىكىگە ياكى ھازىرقى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىگە تايىنىپ جان بېقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قانائەتلىنىپ قالغاچقا، «تۆتنىڭ ئالدى، تۆتنىڭ كەينى» بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھاياتلىق رىقابىتى ۋە ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ئېھتىياجى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئاساسلىقى بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئېھتىياجى، ھۆرمەتلىنىش، مۇھەببەت ۋە غۇرۇر ئېھتىياجى؛ قوغدىنىش، كىملىك ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى، يېڭىلىق يارىتىش، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۆزلۈكتىن ھالقىش ئېھتىياجى دېگەندەك يۇقىرى قاتلاملىق ئېھتىياجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. داڭلىق پسىخولوگ ماسلوف ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيەسىدە، تۈرلۈك ئېھتىياجلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقى، بىر- بىرىگە بېقىنىدىغانلىقى، بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى، تۆۋەن قاتلاملىق ئېھتىياج قاندۇرۇلغاندىلا تەدرىجىي ھالدا يۇقىرى قاتلاملىق ئېھتىياجنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى قەيت قىلىش بىلەن بىرگە، «ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش» نى يەنى شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇشىنى ئېھتىياجنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى دەپ قارىغان. تەبىئىي ئېھتىياجنى قانائەتكە ئىگە قىلىش ھاياتلىقنىڭ تۈپ كاپالىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىگە گەپ كەتمەيدۇ. گېزى كەلگەندە ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ كاپالەتسىزمۇ ياشىغىلى بولىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا كىيىم پۈتۈن، قورساق توق ئەھۋالدا بىر ئادەم ئۆگىنىشكە كۆڭۈل كەتمىسىمۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنمىسىمۇ، بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەپ ئۇنچە كۆڭۈل كەتمىسىمۇ ئوخشاشلا ياشاۋېرىدۇ. شۇڭا تىرىكچىلىكنى ئاساسىي مۇددىئا قىلىپ ياشاۋاتقان، ئېڭى تەبىئىي ئېھتىياج قاتلىمى دائىرىسىدە تورغۇنلىشىپ قالغان، ئۇدۇلغا كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەر ئاچ - يالىڭاچ قالماي، ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي ھالدا كۈنلىرىنىڭ «قەدىر ئەھۋال» ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن قانائەتلىنىپ قالىدۇ ياكى ماددىي ئېھتىياجنى قانائەتكە ئىگە قىلىشنى تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغاچقا يېڭى ئېھتىياجلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمەي-

دۇ. يەنە كېلىپ بىلىم، ساپا، ئەقىدە ـ ئېتىقاد، روھ دېگەنگە
ئوخشاش مەنىۋى ئامىللار كۆپ ھاللاردا بىۋاسىتە ئىقتىسا-
دىي قىممەت شەكلىدە ئىپادىلەنمىگەچكە، بۇ خىلدىكى كە-
شىلەر ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىشنىڭ رولىغا شۇ قەدەر سەل
قارايدۇ.

بىرەر ئىش ياكى نەرسىنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇش-
نىڭ تۆۋەنلىكى شۇ ئىشقا نىسبەتەن ئېتىبارسىز قارايدىغان
پاسسىپ خاھىشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. دېمەك، ئاڭنىڭ تە-
بىئىي ئېھتىياج دائىرىسىدە تۇرغۇنلىشىپ قېلىشى يېڭى ئېھ-
تىياجلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ.دە،
نەتىجىدە ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈ-
رۈپ قويىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا ھايات تۈرلۈك خەۋپلەر-
نىڭ خىرىسى ۋە قورشاۋى ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا ھەرقان-
داق ئادەم بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ دەرىجىسىنى
ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرمىگىنىدە، رىقابەت كۈچىنى ئا-
شۇرغىلى، ھاياتىي كۈچىنىڭ مىسلىسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى نا-
مايان قىلغىلى، ئۆزلۈكنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى
بولمايدۇ. ئەگەر ئادەم ئىدراك قىلىش، ئويلىنىش، پىكىر
ۋە تەپەككۇر قىلىش، ئۆگىنىش، بىلىش يوللىرى ئارقىلىق
مەنىۋى مۇكەممەللىككە يۈزلەنمەيدىكەن، كۈچلۈكلەرنىڭ
يەمچۈكىگە ئايلىنىپ كېتىشتەك زۇلمەتلىك تەقدىردىن
قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت،
شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ ئوخشىمىغان تەسىرلىرى؛ تەربىيەلە-
نىش ئەھۋالى، بىلىم، تەجرىبە، ئەقلىي ئىقتىدار، مەدەنىيەت
ساپا، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە پسىخىكا دېگەنگە ئوخشاش
ماھىيەتلىك ئامىللاردىكى پەرقلەر تۈپەيلى، كىشىلەر ئوخ-
شىمىغان ئېھتىياج قاتلاملىرىدا ياشايدۇ. بەزىلەرنىڭ ھاياتا-
لىق ھەرىكىتى تۆۋەن ئېھتىياج قاتلىمىنى قانائەتلەندۈرۈش
بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، يەنە بەزىلەر ئوتتۇراھال ئېھتىياج-
نى، ئاز ساندىكى تەلەپچان، روھى ئويغانغان كىشىلەرلا
يۇقىرى قاتلام ئېھتىياجلىرىنى قانائەتكە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن توختىماي تىرىشىدۇ. ئاجىزلار توپى ئىچىدە تىرا-
گېدىيە پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىرا-
دىسىگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەم، ئاساسىي ئېھتىياجىنى قا-
نائەتلەندۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، تېخىمۇ مۇھە-
مى ۋۇجۇددىكى ئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ رولىنى جارى قىلد-
دۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرى قاتلاملىق ئېھتى-
ياجلارغا يۈزلىنىپ، تۈرلۈك خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى
رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ بېرىشى؛ ئۆزلۈكتىن
ھالقىشتەك ئۇلۇغ روھنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىلىك قەدىر- قىم-
مىتىنى نۇرلاندۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنى-
شى، غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسى-
تىگە تايىنىپ جاپالىق مېھنەت قىلىشى زۆرۈر.

## 2

قايسىبىر دانا «مەن ئۆزۈمنىڭ خىيالىدىن ئىبارەت»
دېگەن ئىكەن. ئېينىشتېين بولسا خىيالنىڭ بىلىمدىن مۇھىم-
لىقىنى ئەسكەرتكەن. جەمئىيەتشۇناس پېتىر بېرگېر،
توماس لۇكمانلار: «جەمئىيەتتە رېئاللىق پەيدا قىلىۋاتقىنى
كىشىلەرنىڭ بىر قاتار تونۇشلىرىدۇر. سىز كۆڭلىڭىزدە
قانداق ئويلىغان بولسىڭىز، شۇنىڭغا يارىشا رېئاللىق پەيدا
بولىدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ رېئاللىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى
ھەققىدىكى تونۇشنىڭ مەھسۇلىدۇر» دەپ قارىغان بولسا،
قايسىبىر پەيلاسوپمۇ «بىزنىڭ ئازابىمىزنى مەسىلىنىڭ
ئۆزى پەيدا قىلغان ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلە
توغرىسىدىكى قارىشىمىز پەيدا قىلغان» دەپ قارىغان
دەرۋەقە ئادەم قانداق خىيال ۋە تونۇشتا بولسا شۇنداق
ياشايدۇ. كىچىك ئىشلارنى قىلىشتىن تارتىپ چوڭ ئىخترا-
لارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقىچە بولغان بارلىق ئىشلار ئوي ـ
خىيال پەيدا قىلغان تونۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.
ئاكتىپ ئىجابىي خىياللار ئاكتىپ ھەرىكەتكە تۈرتكە
بولسا، پاسسىپ ئوي ـ خىيال پاسسىپ ئىش ـ ھەرىكەتلەر-
نىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك بىر ئادەمنىڭ تو-
نۇشى (ئىدىيەسى) شۇ ئادەمنى يارىتىدۇ. بىزنىڭ ئىش ـ
ھەرىكەتلىرىمىز ئومۇمەن ئوي ـ خىيال ۋە پىكىر ـ قاراش-
لىرىمىزنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ. تۇرمۇشىمىزنى
چەكلەپ تۇرۇۋاتقان، ئاكتىپ ئىنتىلىشلىرىمىزگە توسالغۇ،
نامراتلىققا سەۋەب بولۇۋاتقان، قىسمەتلەرگە مۇپتىلا قىلى-
ۋاتقان نەرسە ئەمەلىيەتتە ئىدىيەنىڭ نامراتلىقى، قاتمال ۋە
قالاقلىقىدىندۇر. جەمئىيەتشۇناس لۇكاس ئېزىلىشنىڭ مەن-
بەسىنى ئاڭدا دەپ قارىغان. دەرۋەقە كۈلپەتلەرنىڭ يىلتى-
زى ئېڭىمىزدا، ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقىمىز، ياشاش شەكلى-
نى ئۆزگەرتەلمەسلىكىمىز، باشقىلارنىڭ پىكىر- قاراشلىرى،
باھاسى ۋە ئېڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىشىمىزمۇ، يېڭى

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجلارنى پەيدا قىلالماسلىقىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبىمۇ دەل ئېڭىمىزدىكى مەسىلىدە، روھىمىزنىڭ نامراتلىقىدا. ئادەمنىڭ ئەقىل كۆزى قانچە كوتالاشسا ماھىيەتسىز نەرسىلەر ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى شۇنچە توسۇۋېلىپ ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە مەقسەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ئىدىيەنىڭ قۇدرىتىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. جۇ خېجۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا دۇنيادا نادان كۆپىيىدۇ، مىللەتتە ئىدىيە بولمىسا غالجىرلىشىدۇ. ئىدىيە گەرچە مۇقەررەر رەۋىشتە ھەقىقەتنى كۆرسەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم تۇغۇلغاندىلا ئۇنىڭدا بار ھوقۇق؛ بىراق ئىدىيە بولمىسا نادانلىق، قارىغۇلارچە ئەگىشىش يولىغا مېڭىش مۇقەررەر.» ناپولېئونمۇ: «دۇنيادا ئىككى نەرسە ئەڭ قۇدرەتلىك، ئۇلارنىڭ بىرى قىلىچ، يەنە بىرى ئىدىيە» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغان. تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەكلا قىلىچنىڭ ئىنسانىيەتنى قانداق تەقدىر-قىسمەتلەر بىلەن تارتۇقلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەھشىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئاشۇ قىلىچنى قانداق ئىشلىتىش، كىمگە قارىتىش يەنىلا ئىدىيەنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ.

مۇھت ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق، بىلىش، ئوي-خىيال، پىكىر ۋە تەپەككۇر ئىدىيەنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ مۇھتنىڭ ئادەمنى بەلگىلەش، ئىدىيە بەرپا قىلىش رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۆزلۈك ئېھتىياجىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىكىدە بولمىغان، تاشقى تەسىرلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ياشاش شەكلىنى، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھت بەلگىلەپ قويىدۇ. ئوي-خىياللىرىمۇ شۇنىڭغا قارىتا تۇغۇلىدۇ. ھاياتىي كۈچكە تولغان ئاكتىپ ئىجتىمائىي مۇھت ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولسا، پاسسىپ مۇھت ھەرقاچان ئاڭنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى چەكلەپ ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئەنگلىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ئانتونى گىددىنس ئېيتقاندەك: «چىركىن ئىجتىمائىي مۇھت بارلىق تاپتىن چىقىش ھادىسىلىرىنىڭ پارنىكى» بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق مۇھتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئادەمنىڭ ئىدىيەسىمۇ نىمجان بولۇپ ئاكتىپ ھەرىكەتنى پەيدا قىلالمايدۇ. ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتشۇناس مېچىل فۇكاۋ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرىمىزگە دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ.»

قۇرئان كەرىمدە: «... پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللا ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ» (مىللەتلەر نەشرىياتى، سۈرە يۇنۇس، 221 ـ بەت، 100 ـ ئايەت) دېيىلگەن ئىكەن. ئويلىنىش، پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىنساننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى، شۇنداقلا قۇدرەتلىك مەنىۋى قورالى ھېسابلىنىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسى بىلىش ۋە پىكىر قىلىشتا. «پىكىر قىلىش»نى ھازىرقى زامان مائارىپ نەزەرىيەسىنىڭ ئاتىسى، پەيلاسوپ جون دېۋېي مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «پىكىر قىلىش — ھەر خىل زىددىيەتلىك تاللاش يوللىرىنى ئىچكى دۇنيايىمىزدا بىر-بىرلەپ رېپېتىتسىيەدىن ئۆتكۈزۈش جەريانى... پىكىر قىلىش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قانداق مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى تېپىش ئۈچۈن قىلىنغان مەنىۋى تەجرىبە. ئۇ شۇنداق بىر تەجرىبىكى، ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك تاللاش ئىمكانىيەتلىرى سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، تاللاش ئىچىدىكى قايسى خىل ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ھېس قىلىنىدۇ.» ئاڭنىڭ تار ياكى كەڭ بولۇشى، پىكىرنىڭ چوڭقۇر ياكى يۈزە بولۇشى بىلىشكە باغلىق بولىدۇ. بىلىش قانچە كەڭ ھەم چوڭقۇر بولسا ئادەمنىڭ ئوي-خىياللىرىمۇ موللىشىپ، پىكىر ۋە تەپەككۇرىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ. ئۆزىنىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيانىمۇ شۇنچە كەڭ ۋە چوڭقۇر دائىرىدە بىلىش ۋە چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بىلىش قانچە تار ۋە يۈزە بولسا ئىدىيەمۇ شۇنچە تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالىدۇ. پەقەت ئۆگىنىشتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك قورالغا تايانغاندىلا بىلىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، بىلىم-ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پاسسىپ مۇھتنىڭ خورىتىشىغا تاقابىل تۇرغىلى، ئىدىيە جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلغىنى، ئىجادىي ئوي-خىياللارنى ئاۋۇتقىلى، پىكىر ۋە تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، تەسەۋۋۇرنى بېيىتقىلى، يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنى نامايان قىلغىلى، شۇ ئاساستا ئىدىيەنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى، شۇنداقلا ھاياتنىڭ مەنە قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرگىلى بولىدۇ. كىمدۇر بىرى: «ھەقىقىي خىزمەت تەپەككۇرنى ئېچىش تېپىدىكى خىزمەتتۇر» دېگەن ئىكەن. بىلىش، ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئاڭنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى

جارى قىلدۇرماي تۇرۇپ، قەلبىنىڭ زۇلمەتتىنى يورۇتقىلى،
روھنىڭ ئويغىنىشىنى پەيدا قىلغىلى، تۇرلۇك چۈشەك ۋە
چەكلىمىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. گۈنۈمە-
لۈك ئۆگىنىش ئارقىلىقلا دىمىق مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىدىن
نىسپىي ھالدا بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، دەۋردىن ھالقىش پۇرسە-
تىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۆگىنىش ئادەمگە چەكسىز ھايا-
تىي كۈچ ئاتا قىلىپ، نېمە قىلىش، قانداق ياشاش ھەققە-
دىكى سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىدۇ. يەھۇدىيلار، ئىنگلىز-
لار، ياپونلارنىڭ قۇدرەتلىك مىللەتكە ئايلىنىشىدىكى ئا-
ساسلىق سەۋەبمۇ دەل ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش روھىنىڭ
كۈچلۈك بولغانلىقىدا. فىرانسىيەلىكلەردە «يىلىغا 100 كىتاب
ئوقۇمىغان كىشى فىرانسىيەلىك ئەمەس» دېگەن ئەقىدە
بار ئىكەن. گەرچە بۇ گەپ سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك قىلى-
سىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش روھىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشكە
بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە ياپونىيەدىن ئىبارەت كىچىك بىر
دۆلەتتە، ھەر ئايدا نەشر قىلىنىدىغان يېڭى كىتاب سانىنىڭ
400 ـــ 600 ئەتراپىدا بولۇشى، ئامېرىكىدا 150 تىن
ئوشۇق كىتاب كۇلۇبلىرى قۇرۇلۇپ، كۇلۇب ئەزالىرىنىڭ
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەتتە مىليوندىن ئېشىپ كېتىشى،
ئۇلاردا ئۆگىنىشچان جەمئىيەتنىڭ ئاللىقاچان شەكىللەنگەن-
لىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەيلى شەخس ياكى مىللەت
بولسۇن ئۆگىنىش روھىدىن مەھرۇم قالىدىكەن ئىدىيەدىن
ئىبارەت مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئادەم روھقا تايىنىپ ياشايدۇ، ئىدىيە بولمىسا روھ
ئۆلىدۇ. روھ نامراتلاشسا تەن خارلىنىشقا باشلايدۇ، ئا-
دەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇنيا خىرەلىشىدۇ، ئىرادىسى
سۇنىدۇ، غەيرىتى بوشىشىدۇ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتى-
دۇ، نەتىجىدە مەۋجۇتلۇق ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.
يولداش جياڭ زېمىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىر مىللەتتە
ئۇرغۇپ تۇرغان مىللىي روھ بولمىسا، ئالىيجاناب مىللىي
خىسلەت بولمىسا، قەتئىي مىللىي ئىرادە بولمىسا، دۇنيادى-
كى ئالغا كەتكەن مىللەتلەر قاتارىدا تۇرالمايدۇ» دېگەن.
ئالىممىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىنمۇ «ئات بىلەن
ئات مىنگەن كىشى» ناملىق نەسرىدە ئادەم ئۈچۈن روھى-
يەتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئىنسان
جىسمانىي جەھەتتە بىر ھايۋان بولۇپ ئۇنى ‹ئات›قا، مە-
نىۋى جەھەتتىن بىر كامالەت مۇمكىنچىلىكىدىكى زات
بولۇپ، ئۇنى ‹ئات مىنگەن كىشى›گە تەمسىل قىلىش
مۇمكىن. ئادەم ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى ھايات تەكشىلى-
كىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئى. ئەگەر ئات مىنگەن كىشى
دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ. نادان بولسا ئات
ئۇنى ئوقۇرىغا باشلايدۇ. ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئۇزۇ-
قىنىڭ ـــ ئات يېمىنىڭ ‹ئىنكاسى›، ‹ئىپادىسى› ئۈچۈن
ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ» دېگەن. روھنىڭ قۇۋۋىتى ۋە
دەرىجىسى يەنىلا ئۆگىنىشنىڭ ئۇنۇمىگە باغلىق بولىدۇ.
روھنىڭ قايسى دەرىجىدە نۇرلىنالىشى يەنىلا قانداق ئۆگە-
نىشكە باغلىق بولىدۇ. مۇبادا بىر ئادەم ئۈزلۈكسىز ئۆ-
گىنىشنى تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرالىسا،
ئۇنداقتا ئۇ ھاياتىدىكى چوڭ بىر بۇرۇلۇشنىڭ ئەھمىيەت-
لىك قەدىمىنى باسقان بولىدۇ، بۇ يول چوقۇمكى ئۇنى
گۈزەل بىر كېلەچەككە باشلاپ بارىدۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاڭنىڭ تەبئىي ئېھتىياج دا-
ئىرىسىدە چەكلىنىپ قېلىشى، ئۆگىنىش ئېھتىياجىنىڭ شەكىل-
لەنمەسلىكىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب بولۇشتىن سىرت، ئى-
دىيەنىڭ قانداق بولۇشىمۇ توپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھې-
سابلىنىدۇ. تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ناچار بولۇشى، تەربىيەل-
نىشكە ئېتىبارسىز قاراش، مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن
قاتمال ۋە قالاقلىقى، مەكتەپلەرنىڭ بىلىمگە ئېتىبار بىلەن
قاراپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي ئۆگىنىش ھەۋىسىنى يېتىل-
دۈرۈشكە سەل قارىغانلىقى شۇنداقلا تەربىيەلەش ئۇسۇلى-
دىكى بىر قاتار نۇقسانلار؛ جەمئىيەتتە ھەممە ئۆگىنىشكە
ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئاكتىپ ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ
شەكىللەنمەسلىكى يەنى ئىجتىمائىي بۇرۇقتۇملۇق ۋە گاس-
گاچىلىق، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي چوڭ مۇھىتنىڭ پەن - مەدە-
نىيەت ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياج ۋە تەلە-
پىنىڭ سۇسلۇقى؛ بىلىمسىزلىك ۋە بىلىمگە نىسبەتەن تو-
نۇشنىڭ يۈزە بولۇشى، نەزەرنىڭ تارلىقى، خەۋپ - خەتەر
ئېڭىنىڭ بولماسلىقى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇماسلىقى؛
شۇنداقلا قىزىقىش ھەۋىسىنىڭ يېتىلمەسلىكى، ئىرادىسىز-
لىك، ئەخلاق - پەزىلەتتىكى چاكىنىلىق، خاراكتېرنىڭ
ساغلام بولماسلىقى دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئامىللار
ئۆگىنىش ئېھتىياجىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىگە سەۋەب
بولىدۇ.

بىز ھازىر سانائەت ئىگىلىكى دەۋرى بىلىم ئىگىلىكى

www.uyghurkitap.com

دەۋرگە ئورۇن بوشتۇۋاتقان، بىلىم ئىگىلىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئامىلىغا ئايلانغان؛ ئىلىم-تېخنىكا، ئەقىل، ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ۋە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى كەسكىن تۈس ئالغان، بىلىم، ھۈنەر-تېخنىكا ۋە كەسپلەرنىڭ يېڭىلىنىش دەۋرى بارغانسېرى قىسقىراپ بېرىۋاتقان، دۇنيانىڭ قىياپىتى ناھايىتى تېز ئۆزگىرىۋاتقان، بىر كۈن ئۆگەنمىسە نەچچە كۈن ھەتتا نەچچە ئايلىق چېكىنىش كېلىپ چىقىدىغان، ھەرقانچە كاتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان تەقدىردىمۇ بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرمىسا يېڭى ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالىدىغان، سەگەك ياشىمىسا بولمايدىغان شۇنداق بىر رىقابەتلىك دەۋردە، ئۆزگىرىشچان زامانىۋى جەمئىيەتتە ياشىماقتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋىلىشىش تولۇق ئەمەلگە ئاشقان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئاساسەن دېگۈدەك بىلىم ئىگىلىكىدىن كىرمەكتە. بىلىم ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان بىلىمنى ئاساس قىلغان، ئەقىل-پاراسەت تىپىدىكى يېڭىچە ئىقتىسادىي فورماتسىيە بولۇپ، بىلىم ئىگىلىكىنى تۈۋرۈك قىلغان زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا بىلىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىم ھېسابلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: «1. ئادەم كۈچى كاپىتالى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى ئاساسلىق تۈرتكە كۈچ، بىلىم ئىگىلىكى ئەقلىي كۈچ بايلىقىنى باش تايانچ قىلغان، شەكىلسىز مۈلۈك سېلىنمىسىنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك. 2. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئاددىي ھالدا مەبلەغنى كۆپەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئەمەس، ئاساسلىقى بىلىمنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا، ئىلغار بىلىم-مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە تېخنىكىلارغا، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا تايىنىلىدۇ. 3. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كەسپ قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، بىلىم ئىگىلىكى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كەسپى بولۇپمۇ ئۇچۇر كەسپىنى بىرىنچى تۈۋرۈك كەسپ قىلىدۇ. 4. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى مائارىپقا، ئىختىساسلىقلارغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.» [10] دۇنياغا داڭلىق مىكروسوفت شىركىتى دەل بىلىم ئىگىلىكى تىپىدىكى شىركەت ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئۆگىنىشنى، ئىزدىنىشنى، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىشنى بىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا؛ ئەقلىنى ئېچىش تىپىدىكى كۆرەشكە ئېتىبارسىز قاراپ نادانلىقتا ھەمدەم بولغۇچىلار سۆرەلمىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتشۇناسلار ئاللىقاچان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئورنىدىكى رىقابەت پەقەتلا بىلىم بىلەن كەسپىي ماھارەتتىلا بولماستىن، بەلكى ئۆگىنىش ئىقتىدارىدىكى ماھارەتتە بولىدۇ» دېگەن.

كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش قىلىش بىلەن خۇشى يوق، مەنىۋىيتى پۇچەك كىشىلەر دەۋر ئېقىمى تەرىپىدىن تەبىئىي ھالدا شاللىنىپ كېتىدۇ. ئۆگىنىش روھىدىن مەھرۇم قالغان ئىجتىمائىي توپمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ماركس «كاپىتال»نى يېزىش ئۈچۈن 1500 خىلدىن ئارتۇق كىتاب ئوقۇغان، كىتاب ئوقۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، رۇسچىنى ئۆگەنگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش داڭلىق شەخسلەر ئۆگىنىشنى قورال قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت چوققىلىرىدا پارلىيالىغان. ئۆگىنىشنى ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرماي تۇرۇپ ئادەت تۇرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققىلى، كونا ئەندىزە يەنى بۇرۇنقى ئىسپادىلەردىن قۇتۇلغىلى، جۈملىدىن تەقدىردە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بىر ئادەم ياكى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى يۇقىرىلاپ بارغانسېرى شۇنچە كۈچىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. يۇقىرى ئېھتىياج قاتلىمىدىكى ئادەمنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجىنىڭ قانائەتكە ئىگە بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئەپسۇس، زامانىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆگىنىش خىيالىدا بولسىمۇ نېمىنى ئۆگىنىشنى، قانداق ئۆگىنىشنى، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيدۇ.

قۇرۇق ھارۋا توختىماي تاراڭشىغىنىدەك، قورسىقىدا ئۈممىچىنىڭ تايىنى يوق كىشىلەر ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلاپ قالىدۇ. ئادەم قانچە بىلىمسىز بولغانسېرى بىلىمنىڭ قىممىتىنى شۇنچە تونۇمايدۇ. خۇددى ئازراق خېمىرتۇرۇچ بولمىسا خېمىرنىڭ بولمىغىنىدەك، ئادەمدە بەلگىلىك بىلىم ساپا، خېمىرتۇرۇچ بولغىدەك ئاساس بولمىسا ئۆگىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. پەيلاسوپ زېنون ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىر چوڭ بىر كىچىك چەمبەرنى سىزىپ چۈشەندۈرۈپ: «چوڭ چەم-

بەرنىڭ ئىچىدىكىسى مېنىڭ بىلىمىم، كىچىك چەمبەرنىڭ ئىچىدىكىسى سىلەرنىڭ بىلىمىڭلار. مېنىڭ بىلىمىم سىلەرنىڭكىدىن كۆپ. بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ سىرتىدىكىسى سىلەر بىلەن مېنىڭ بىلمەيدىغان قىسمىم. چوڭ چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى كىچىك چەمبەرنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ، شۇڭا مەن ئۇچرايدىغان بىلمەيدىغان دائىرە سىلەرنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ» [11] دېگىنىدەك، بىر ئادەم قانچە ئۆگەنگەنسېرى، بىلگەنسېرى بىلمەيدىغانلىرىنىڭمۇ ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ، بىلمەسلىكنى قانچە ھېس قىلغانسېرى بىلىشكە نىسبەتەن ئېھتىياجىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. بىلمەسلىكنى ھېس قىلىش بىلىشكە نىسبەتەن ئويغىنىشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىلىش تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالسا دىققەتمۇ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك، پاسسىپ، ئەرزىمەس ئىشلارغا مەركەزلىشىپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئېنىق بىر نىشانى، تۇرمۇش غايىسى بولمىغاچقا ئادەتتىكى بىر ياشىغۇچىغا، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزگۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىلىشنىڭ تولىمۇ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قېلىشى ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى ئادىيلاشتۇرۇپ ھاياتنى ئاددىي ۋە ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تۇرمۇشتا بىر نۇقتىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشتەك تۇرغۇن ھالەت، قىلچە يېڭىلىقى بولمىغان بۇرۇقتۇرما تۇرمۇش تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاجىز تەنگە كېسەللىك ۋىرۇسلىرى ئاسان يېپىشقىنىدەك، زەئىپ روھمۇ پاسسىپ تەسىرلەرنى ئاسان قوبۇل قىلىۋالىدۇ. تۇرمۇشتىكى چاكىنىلىشىش، تاپتىن چىقىش ھادىسىلىرى دەل نەزەرنىڭ تارلىقى، بىلىشنىڭ يۈزەلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە بىر پۈتۈن ھايات غەپلەت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىشتەك تىراگېدىيە كېلىپ چىقىدۇ. بىرلا قېتىم نىسىپ بولىدىغان ھاياتنى غەپلەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتىش نەقەدەر ئېچىنىشلىق - ھە!؟

رىقابەت بەيگىسىدە ئۆگىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇغانلار ئالدىغا قاراپ ئۇزاپ كېتىۋېرىدۇ، كاللىسى ئەخلەت ئىدىيە، ئەرزىمەس نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئۆگىنىش بىلەن پەرۋايى پەلەك ئادەتتىكى ئادەملەر خۇددى قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك ئۆزىنىڭ تار دۇنياسىدا كۆلپەتلىك تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆگىنىشكە نىسبەتەن مۇددىئا قوزغالمىسا قىزىقىش ۋە ھەۋەس، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان ئىرادە، تەشەببۇسكار روھ، شۇنداقلا ئاكتىپ پوزىتسىيە شەكىللەنمەيدۇ. ئۆگىنىش ئېھتىياجى كۈچلۈك بىر مۇددىئانى پەيدا قىلغاندا، بۇ خىل مۇددىئا ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا تېخىمۇ كۆپ ساندىكى ئادەملەرنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ئۈچۈن پەقەت ئاڭلىق ھالدىكى ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ شەكىللىنىشىگىلا قاراپ تۇرماي، تۈرلۈك ئۇنۇملۈك ۋاستىلەرنىڭ غىدىقلىشى ھەتتا ئەجابىي بېسىم كۈچى ئارقىلىق ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى شەكىللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپكى تەربىيەگە ئېتىبار بىلەن قاراش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

### 3

نۆۋەتتىكى رېئاللىقتىن مەلۇمكى بىزدە ئائىلە مائارىپىنىڭ ئاساسى ئاجىز، تەلىم - تەربىيە ئىستىخىيەلىك تۈس ئالغان بولۇپ، تېخى ئىلمىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگىنى يوق. شۇ چاغقىچە مۇتەخەسسىسلەر كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق روياپقا چىقارغان ئائىلە مائارىپىغا ئائىت بىرەر قوللانمىنىڭ نەشر قىلىنغىنى يوق. كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار پەقەت پەرزەنتلىرىگە ياخشى ئوقۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدە ۋەز- نەسىھەت قىلىشنىلا بىلىدۇ، بىراق ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيەلەش ھەققىدە ئىزدەنمەيدۇ. ئائىلىدە ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئۆگىنىش قىلىدىغان يەنى قويۇق ئۆگىنىش مۇھىتى شەكىللەندۈرگەن، ئۆگىنىش جەھەتتە پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولىدىغان ئائىلىلەر تولىمۇ ئاز. ئەكسىچە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىشىگە ئېتىبارسىز قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان، بالىنى تېپىپ قويۇپ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدىغان مەسئۇلىيەتسىز ئاتا - ئانىلار ھەقىقەتەن كۆپ. ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە ئاپتونوم رايونىمىزدا توي قىلغانلارنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى 27 پىرسەنت ئەتراپىدا ئىكەن. بولۇپمۇ يېتىم باللار سانىنىڭ ئارتىپ بېرىشى ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. مەكتەپلەردە ئۆگىنىش قىلىش بىلەن خۇشى يوق، ئەدناسى بىر يىلدا بىرەر پارچە بولسىمۇ كىتاب ياكى ژۇرنال ئوقۇپ قويمايدىغان مۇئەللىملەر ناھايىتى كۆپ. ئەكسىچە ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك، يېڭىلىق يا-

www.uyghurkitap.com

رىتىش تىپىدىكى مۇئەللىملەر تولىمۇ ئاز. شۇڭا نۆۋەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىن سوۋۇش خاھىشى كىشىنى چۆچۈتمەي قالمايدۇ. جەمئىيەتتە يېگەن، ئىچكەن، كىيگەن، ئوينىغاننىڭ گېپىنى قىلىپ قۇرۇق پاراڭنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاۋاتقانلار؛ كۆڭۈل ئېچىش، مېھماندارچىلىق تۇسىنى ئالغان تۈرلۈك يىغىلىش ۋە سورۇندارچىلىق ئىشلىرىغا، زىيادە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىغا يېتىشىپ بولالماي تالىجىقىپ قېلىۋاتقانلار ساناقسىز. ئىلىم - مەرىپەتنىڭ غوۋغاسىنى قىلىدىغان، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك، ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىدىغانلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق. كېسەلنى مىڭ يوشۇرغان بىلەن بىر كۈنى ئۆلۈم ئاشكارىلىنىدىغان گەپ. بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەرنىڭ، ئۆگىنىۋاتقانلار بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقانلارنىڭ، ئىقتىدارلىقلار بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقانچە پەرقى بولمىغان، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتى قىلىنمايدىغان ھەتتا ئۇلار چەتكە قېقىلىدىغان، خىزمەتتە ئاز ئىشلىگەننىڭمۇ، كۆپ ئىشلىگەننىڭمۇ، ئۈنۈمى بارغىمۇ، ئۈنۈمى يوقىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغان ناچار ئىجتىمائىي كىلىمات، ئۆگىنىش روھىغا ئىگە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى شەكىللەندۈرۈش قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر بوۋاق تەربىيىلىنىشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالسا ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنالمايدۇ. جون دېۋېي تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئادەت كۈچىنىڭ زىيىنى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر جەمئىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇشتا تەربىيەنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئىنساننى ئادەتنىڭ مەھسۇلى دېسەك، ئۇنداقتا تەربىيە تەرەققىيات ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىجادچانلىق ئادىتىنى ۋە شەرت - شارائىتلارنى يېتىلدۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بالايىئاپەت ياكى چوڭ ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار داۋامىدا ئۆزىنىڭ رەزىل، جاھىل ئادىتىگە جەڭ ئېلان قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتە كونترول قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ھالبۇكى، بىلىمدىن ئۆزگە ئەڭ ياخشى كونترول قورالى بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئىسلاھات ئارقىلىق ئەمەس، ئادەملەرنى تەربىيەلەپ ناچار ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق روياپقا چىقىرىش كېرەك. بۇزۇلغان ئىجتىمائىي ھاۋانى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ياشلارنى تەربىيەلەش ئارقىلىق ئادەتلىنىپ قالغان ئىدىيە ۋە ئارزۇ- ئىستەك مودېللىرىنى كۆزدىن يوقىتىشتۇر... ئىنساننى غىدىقلايدىغان نۇرغۇن نەرسە ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. ئادەت كۈچىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزگىچە مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ھەرىكەت ئىگىسى ئاڭلىق پىكىر قىلىشقا ئۆتىدۇ. ئەمما شەخسنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكى تۈپەيلى مەغلۇپ بولىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە، شەھۋەت - بۇزۇقچىلىققا بېرىلىش، خىيالپەرەسلىك، پىسخىكىلىق بېسىم ئادەمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماس قىلىپ قويىدۇ ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىتىدۇ.» [12] دېمەك، جون دېۋېي تەربىيەلەش ئارقىلىق تەدرىجىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغىلى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىغان ھەمدە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن پاسسىپ ئادەت كۈچلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

تەربىيىلىنىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بالىلارنىڭ دۇنياقارىشى تېخى شەكىللىنىپ بولالمىغاچقا، ئۆگىنىش مۇددىئاسىمۇ ساددا تۈس ئالغان بولىدۇ. بەزىلىرى ئاتا - ئانا ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆگەنسە، بەزىلىرى رىقابەتچىلىرىدىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بەزىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلسا، بەزىلىرى تاپشۇرۇق، ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئېلىش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۆگىنىشكە كىملەرنىڭدۇر رىغبەتلەندۈرۈشى تۈرتكە بولۇپ قالسا، بەزىلىرى تەبىئىي ھالدا ئۆگىنىۋاتقان نەرسىلىرىگە قىزىقىپ قالىدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى بالىلار ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ تەنقىد ۋە تەنبىھ بېرىشىدىن قورقۇپ مەجبۇرىي ئۆگىنىش قىلىدۇ. ئۆگىنىشتىن بىرەر خۇشاللىق ياكى ئىلھامغا ئېرىشەلمىگەن بالىلاردا ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش پىسخىكىسى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ياشنىڭ چوڭىيىشى، دۇنيا قاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ مۇددىئامۇ ئېنىقلىـ

شىشقا باشلايدۇ.

كېيىن ئۆيىتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسى يۇقىرى نومۇر ئېلىش، ئوقۇش ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش، شۇ ئاساستا كەلگۈسىدىكى چىقىش يولىنى تېپىشتىن ئىبارەت. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارزۇسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ خىل مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە قىلىنغان ئۆگىنىش بىر خىل مەجبۇرىيەت، بېسىم تۈسىنى ئالىدىغان بولغاچقا ھەقىقەتەن زېرىكىشلىك بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتىن خۇشاللىق ۋە لەززەت ھېس قىلىشنىڭ ئەكسىچە بىزارلىق ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىنلا ياكى خىزمەتكە چىقىپلا «ئۇھ» دەيدۇ ـ دە، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك، ئۆگىنىش قىلىشتىن بىراقلا توختايدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىلا تۈرلۈك ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇپ ئۆزىنى ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ھەقىقەتەن مۇشكۈل بىر جەريان.

ئايرىم ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسى ئىلمىيلىكنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆگىنىش ئارقىلىق مەنىۋىيەتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يۈزلىنىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ئۆزلۈك روھىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بالىلىق دەۋر ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئالتۇن دەۋرى. قىزىقىش ۋە ھەۋەسنىڭ پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇشنىڭ قىممەتلىك پۇرستى. بۇنداق ياخشى پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالسا، كېيىن 10 ھەسسە، 100 ھەسسە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئادەت، مىجەز ـ خاراكتېر شەكىللىنىپ بولغاندا، ئىدىيە تاشتەك قېتىپ كەتكەندە ئۇنى ئۆزگەرتمەن دېيىش بەسي مۇشكۈل! دېمەكچىمەنكى، جەمئىيەتتىكى ئىدىيەسى قېتىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆگىنىش روھىنى تىرىلدۈرۈشتىن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. «ئادەم پاسسىپ ھالەتنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا ھەرقانچە ئىلغار ئىدىيەلەرمۇ تەسىر قىلماس بولۇپ قالىدۇ.» شۇڭا بىز ھېچ بولمىغاندا بىر تۈركۈم پەرزەنتلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆگىنىش ھەۋسىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچالىساق، توغرا بولغان ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىسەك مىللەت ۋە خەلقنى ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. بىزدە ئىزدىنىش ۋە مەسئۇلىيەتتىن باش تارتمايدىغان ئاڭ، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئاز ـ تولا قۇربان بېرىش روھىلا بولىدىكەن، ئەمەلىيەتتە بالىلارنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ. گەپ مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ ئاڭلىق ھالدىكى ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغىتىش، مەلۇم قىزىقتۇرۇش ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ، شەكىللەنگەن مۇددىئانى يوشۇرۇن ھالەتتىن پائالىيەت ھالىتىگە ئايلاندۇرۇش يوللىرى ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئائىلە ۋە مەكتەپنىڭ رولى ھەممىدىن مۇھىم. شۇنداق ئىكەن ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستاز بولغۇچىلار زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ تەخىرسىزلىكنى تونۇپ يېتىشى زۆرۈر.

4

ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش تېپىدىكى ئائىلە بەرپا قىلماي تۇرۇپ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، مەدەنىي تۇرمۇش بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاددىي مەنىدە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يۈكسىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ماددىي جەھەتتە يۈكسىلىش ئاساس، مەنىۋى جەھەتتە يۈكسىلىش ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. نامراتلىققا كۆنۈپ قېلىش ھادىسىسى ئەڭ خەتەرلىك ئىدىيە تۇرغۇنلۇقى بولۇپ، ئادەمنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويىدۇ. ئىقتىسادىي ئامىل ئادەمنىڭ ئېڭىنى دائىم دېگۈدەك غىدىقلاپ تۇرىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئاڭنى ئويغىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ماددىي ئېھتىياج قېنىپ بولمىغان ئەھۋالدا ، كىرىمنىڭ ئېشىپ بېرىشى تۇرمۇشقا ھەقىقەتەن خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. كىرىم كۆپەيگەنسېرى شۇنىڭغا قارىتا ئىستېمال سەۋىيەمۇ ئېشىپ بارىدۇ، تۇرمۇشتا باشقىچە جانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بىراق كىرىمىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك ئېشىپ تۇرالغۇ شارائىتىمىزنىڭ ياخشىلانغانلىقى، ئۆيىمىزنى زامانغا لايىق بېزەپ جابدۇغانلىقىمىز، ئىشلارنى قولايلىق ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىمىز، ماشىنا سېتىۋالغانلىقىمىز، ئوبدان كىيىپ، ئوبدان يەپ ـ ئىچكەنلىكىمىز، قىسقىسى ياخشى تۇرمۇش-

نىڭ ھۆزۈرىنى سۈرۈۋاتقانلىقىمىز ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇنىڭلىق بىلەن تۇرمۇش سۈپىتىمىز پۈتۈنلەي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. نوقۇل ھالدا پۇل- بايلىق قوغلىشىشنى تۇرمۇشنىڭ مەقسىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش، بۇزۇپ - چېچىش، ئىقتىسادنى كۆز - كۆز قىلىش، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى پاتقاققا پېتىپ قېلىش تىپىك چاكىنا تۇرمۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئىناق - ئىجىل ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىش، ئائىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش، پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈش؛ ئاتا ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرگە ۋاپادار بولۇش؛ جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش، ۋەتەن- خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەقدىرىگە چېتىلىدىغان بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، تۇرمۇشتا رەتلىك بولۇش، ئىلمىي ئۇزۇقلىنىش ۋە ئىلمىي چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، كىشىلەر بىلەن ساغلام مۇناسىۋەت ئورنىتىش، جەمئىيەتتە ياخشى ئوبراز تىكلەش ئۈچۈن تىرىشىش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا يۈزلىنىپ زىيانلىق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش؛ مەنىۋى جەھەتتە ئەقىدە - ئېتىقادى ۋە بىرقەدەر يۈكسەك تۇرمۇش غايىسى بولۇش، ۋاقىتنى قەدىرلەش ۋە ھاياتنى سۆيۈش ئىچكى كۈچلۈك بولۇش، مۇستەقىل مەيدانى ۋە ئۆزگىچە ياشاش پرىنسىپى بولۇش، مەھەللىۋى ئاڭ فورمىسىنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشالايدىغان بولۇش، ئۈزۈكسىز ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش؛ ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشتەك ئىلمىي روھقا ئىگە بولۇش؛ ئادەمىيلىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش...قاتارلىقلار تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇس، نۇرغۇن كىشىلەر ماددىي يۈكسىلىشكە ئېتىبار بىلەن قارىسىمۇ مەنىۋى يۈكسىلىشكە سەل قارىغانلىقى تۈپەيلى تۇرمۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

مېنىڭچە بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ يىلتىزى روھىي جەھەتتىكى نامراتلىقتا. روھىيەت نامرات بولسا ئىدىيەسىنىڭ تايىنى بولمايدۇ. ئىدىيە توسالغۇسى پۈت- قولىنى ئاكتىپ ھەرىكەتتىنى چۈشەپ قويىدۇ. ماددىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلىششىنىمۇ تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا مەنىۋى نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. روھىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى يەنىلا ئۆگىنىشكە مۇراجەئەت قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كاپىتالنى نوقۇل ھالدا ئىقتىسادقا باغلاپ چۈشىنىدىغان دەۋرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. مۇتەپەككۇرلار تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەنىۋى ساپا، ئىچكى جۇغلانما ۋە بىلىم قۇرۇلمىلىرىنى مەدەنىيەت كاپىتالى دەپ ئاتاشماقتا. بىلىمنى تۈۋرۈك، ئۇچۇرنى ۋاستە قىلغان يېڭىچە ئىگىلىك شەكلى كىشىلەردىن مەدەنىيەت كاپىتالى جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇشنى كۈچلۈك دەرىجىدە تەقەززا قىلماقتا. چۈنكى مەدەنىيەت كاپىتالى ماددىي كاپىتالغا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىگە ئايلانماقتا. شۇڭا بۈگۈنكى دەۋردە بەلگىلىك مەدەنىيەت كاپىتالىغا ئىگە بولمىغان ئادەم ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. مەدەنىيەت كاپىتالىنى ئاشۇرۇش بولسا، ئۆگىنىش تىپىدىكى ئائىلە بەرپا قىلىشنى، زامانىۋى مائارىپنىڭ بولۇشنى، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشچان جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ماتېرىياللاردىن ئىگىلىشىمچە، ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى بىلايىرنىڭ بىر قېتىملىق لېكسىيە ھەققى 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولۇپ، لېكسىيە ھەققىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق زوڭتۇڭى كلىنتوننىڭ بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئەلۋەتتە بىل گايتېستەك داڭلىق كارخانىچىلارنى نۇرغۇن ھەق بېرىپ بىرەر سائەت لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ۋاقىت ئاجرىتالىشى ناتايىن. چۈنكى ئۇلار پۇلغا قارىغاندا ۋاقىتقا تېخىمۇ موھتاج. نېمە ئۈچۈن داڭلىق ئەربابلارنىڭ بىر يۆتىلىپ قويۇشىمۇ پالانى تەڭگىگە يارايدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا يۇقىرى مەدەنىيەت كاپىتالى جۇغلانمىسىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ لېكسىيەلىرى ۋاستىلىك ھالدا يارىتىدىغان قىممەت، ئالغان ھەققىگە قارىغاندا ھەسسىلەپ يۇقىرى بولىدىغانلىقى ئېنىق، ھەتتا قىممىتىنى مۆلچەرلەپ بولغىلى بولمايدۇ. گېرمانىيەلىك فىزىكا ئالىمى ئېينشتېين ئۆزىنىڭ

«ئىنسپىيلىك نەزەرىيەسى» ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ ماددا
بىلەن ئېنېرگىيە ۋە ماكان، زامان قارىشىنى بىر بالداق يۇ-
قىرى كۆتۈردى يەنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا، ئالەم ھەققىدى-
كى تونۇشىنى يېڭىلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نەزەرىيەسىنىڭ قىم-
مىتىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاش مۇمكىنمۇ؟

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ماڭا خىزمەت مۇناسىۋىتى
بىلەن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭيىڭ شەھىرىدە بىر
ئايدىن ئارتۇقراق تۇرۇش پۇرسىتى نېسىپ بولۇپ قالدى.
ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، بۇ يەردە مەدەنىيەت كاپىتالى
جۇغلانمىسى مول بولغان ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ بىر قېتىملىق
لېكسىيە ھەققىنىڭ ئادەتتە 10 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ
يۈەنگە قەدەر بولىدىغانلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشتىم.
ئەلۋەتتە بىزدىمۇ شۇنداق لېكسىيەلەرنى سۆزلىيەلەيدىغان
ئىختىساس ئىگىلىرى يوق ئەمەس، گەرچە ئۇلار لېكسىيە-
لىرى ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنى قىممەتلىك بىلىم ۋە ئۇ-
چۇرلار بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھېچقانچە
ھەققە ئېرىشەلمەيدۇ. نۇرغۇنلىرى ھەقسىز لېكسىيە سۆز-
لەشكە رايىشلىق بىلەن ماقۇل بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلى-
رى ياكى شەخسلەرنىڭ ئورۇنسىز چىقىملىرىنى پۇلغا سۇن-
دۇرسا كىشىنى چۆچۈتىدىغان سان ـ سىپىر پەيدا بولىدۇ.
(سەھىيە ئېتىبارى بىلەن نەقىل ئېلىنمىدى)بۇنىڭدىكى ئا-
ساسلىق سەۋەب پۇلنىڭ يوقلۇقىدا ئەمەس، بەلكى كىشى-
لەرنىڭ مەدەنىيەت كاپىتالىنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشى-
نىڭ يۈزەلىكى، ئاڭ جەھەتتە ئويغانمىغانلىقىدا. ئەينى ۋا-
قىتتا ئېينىشتېيننى مەلۇم بىر رادىيو شىركىتى نۇرغۇن ھەق
بىلەن بەش مىنۇت رادىيودا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ
قىلغان، ھەم نېمىنى سۆزلىسە بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرت-
كەن. بىراق ئېينىشتېين تەكلىپنى چىرايلىقچە رەت قىلغان.
راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئاشۇنچىلىك ۋاقىتنىمۇ مۇناسىۋەتسىز
ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى خالىمىغان. بىزنىڭ كۆپ ساندى-
كى ئادەملىرىمىزنىڭ ئېڭى تېخى سەھنە، ئېكرانلارغا بىرەر
قېتىم چىقىپ قالسا ھاياجىنىنى باسالماي قالىدىغان، شۇ
ئىش ئۈچۈن پەخىرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان
باسقۇچتا تۇرماقتا. نەچچە يىل، نەچچە ئون يىل ۋاقتىنى
ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلىپ، مىڭ
تەسلىكتە يازغان كىتابىنى نەشر قىلدۇرالمايۋاتقان، كىتاب
چىقىرىمەن دەپ قەرزدار بولۇپ قېلىۋاتقان ئىلىم ئىگىلىرى-
مىز ھېلىمۇ كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرى-
نىڭ ئىقتىسادىي كۈچى تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا، شۇنچە
ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدىنىش نەتىجىسىدە روياپقا چىققان بىر
پارچە ئىلمىي ئەمگەكنىڭ قەلەم ھەققى قارا ئەمگەك بىلەن
شۇغۇللانغۇچىنىڭ نەچچە كۈنلۈك ئىش ھەققىگە توغرا
كەلمەيدۇ. ئاپتورلارغا دىققەتنى ئاغدۇرمايدىغان، ئالدى
بىلەن نەپنى ئۇلارغا يەتكۈزمەيدىغان نەشرىيات ئورۇنلى-
رىنىڭمۇ ئىستىقبالى غۇۋا بولىدۇ. ئىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتى
قىلىنمىسا ئىزدىنىش روھىغا ئىگە كىشىلەرنى كۆپلەپ يې-
تىشتۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى،
بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇ
خىل ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ.

تېمىمىزغا كەلسەك، ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇن دائىرىسى
پەقەت كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، ھۈنەر- تېخنىكا ۋە
تۈرلۈك ماھارەت ئىگىلەش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. كاللا ۋە
بەدەن ھەرىكىتىنى ئىشقا سېلىپ بىلمىگەننى بىلىش جەريا-
نى ئۆگىنىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆگىنىش ياۋايىلىقتا جەڭ ئېلان
قىلىپ مەدەنىيلىككە يۈرۈش قىلىش كۈرىشىدۇر. بىز ئۆگە-
نىش ئارقىلىق يېڭى بىلىم ۋە بىلىشكە ئېرىشىمىز، تەجرىبە-
لىرىمىزنى موللاشتۇرۇپ بارىمىز، نەزەر دائىرىمىزنى كې-
ڭەيتىپ تېخىمۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولىمىز، يېڭىچە
پىكىر ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى ئېچىپ ئەقلىي ئېنېرگىيە-
مىزنى ئاشۇرۇپ بارىمىز، تەسەۋۋۇرىمىزنى كېڭەيتىمىز،
زېھنىمىزنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ ئەقىل ـ پاراستىمىزنى تاۋ-
لايمىز، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى قازىمىز، شۇ ئاساستا
ئىدىيەمىزنى موللاشتۇرۇپ بارىمىز. ئۆگىنىش ئارقىلىق
يېڭى ماھارەتلەرنى ئىگىلەيمىز، كەسپىي ئىقتىدارىمىزنى يۇ-
قىرى كۆتۈرىمىز، ھۈنەر- تېخنىكىمىزنى تېخىمۇ تاكامۇل-
لاشتۇرۇپ بارىمىز. ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئادەم
بولۇشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئاچىمىز، ھاياتنىڭ مەنە ـ ماھى-
يىتىنى چوڭقۇرلاپ تونۇيمىز، گۇمانتار ئېڭىمىزنى كۈچەي-
تىمىز. بىلىدىغانلىرىمىز قانچە كۆپەيگەنسېرى ھاياتقا نىسبە-
تەن تونۇشىمىز شۇنچە چوڭقۇرلاپ بېرىپلا قالماي، مەسى-
لىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. كۆ-
زىمىزنى پەردىلەپ تۇرغان نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ تۇمان-
لىرى تاراپ، كۆز ئالدىمىزدا يېپيېڭى بىر دۇنيا پەيدا بو-
لۇشقا باشلايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر مەنە قاتلاملىرىغا شۇڭغۇشقا باشلايمىز. ئۆزىمىز-
نىڭ كىملىكىنى تونۇش بىلەن بىرگە باشقىلارنىمۇ تونۇش
پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. دۇنيانىڭ تۈۋىشنى، ماھىيەتلىك
شۆبىرلاشلارنى، كىملەرنىڭ نېمە ئۈي ۋە غەرەزلەردە بو-
لۇۋاتقانلىقىنى سېزەلەيدىغان تۇيغۇنلۇققا ئىگە بولالايمىز.
ئۆگىنىشتىن ئېرىشكەنلىرىمىز قانچە كۆپەيگەنسېرى باشقى-
لارغا تەقدىم قىلىدىغىنىمىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۆگە-
نىش، ئىجاد ـ مېھنەت بىلەن ئۆتكەن ھايات شۇنچە مەنى-
لىك ھەم نۇرلۇق بولىدۇ. ئۆگەنمىسەك كاللىمىزنى دات با-
سىدۇ؛ ئىزدەنمىسەك، تەربىيەلەنمىسەك ئېڭىمىز رۇدىمېنت-
لىشىپ قالىدۇ ـ دە ئۆزلۈكنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان
ئىچكى كۈچتىن مەھرۇم قالىمىز. كېيىنكى ھاياتىمىزغا پۇختا
ئاساس سالمىساق ياشاش ئىقتىدارىمىز خەۋپكە دۇچ كېلى-
دۇ.

بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاياتىمىزنىڭ دەسلەپكى باسقۇ-
چىدىكى ئون ـ يىگىرمە يىلچە ۋاقتىمىزنى مەخسۇس
ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشتىكى مەقسىتىمىز، ياۋا-
يىلىقتىن قۇتۇلۇش، ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىمىزنى كۈچەيى-
تىش، ۋۇجۇدىمىزغا مەدەنىيلىكنىڭ تامغىسىنى بېسىشتىن ئى-
بارەت. بىز ئوقۇش ھاياتىمىزدا تۈرلۈك دەرسلەر ئارقىلىق
ياشاشقا كېرەكلىك بىر قىسىم ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەي-
مىز، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە قانداق تەتبىقلاش ماھارىتىنى
ئۆگىنىمىز، بىر قىسىم زۆرۈر ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرىمىز،
تېخىمۇ مۇھىمى نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش، يوشۇ-
رۇن ئىقتىدارنى قانداق قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش مە-
سىلىلىرى ھەققىدە بەلگىلىك بىلىش ۋە تەجرىبىگە ئىگە بو-
لىمىز. ئادەتتە كاللار توپىنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتىنى ھەرد-
كىتى ئەڭ ئاستا كالا بەلگىلەيدىكەن، بىراق كاللار توپى
ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا يەنىلا ئاشۇ سۈرئىتى ئەڭ ئاستا
بولغان كالا ئەڭ بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن يېيىلىدىكەن.
دەرۋەقە تىرىشمايدىغان ئادەتتىكى ئادەملەر دەۋرنىڭ تە-
رەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، بىراق ئۇنداقلار چۆچۈپ
ئويغانمىسا دەۋر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە شاللىنىشقا
مەجبۇر بولىدۇ.

ئۆگىنىش كىشىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىش بىلەن
بىرگە ئازاب ئېڭىنىمۇ پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆگەن-
گەنسېرى ھەققەتكە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ ـ دە، ھەققەتنىڭ
كېيىمىنى كىيىۋالغان سەپسەتە ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارى-
لاشقا باشلايدۇ. ئىلگىرى گۈزەلدەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر
ئارىسىغا يوشۇرۇنغان رەزىللىكلەر ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.
سېزىمچانلىقى ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇيغۇلىرىڭىز ساختىلىقلار-
نى سېزىپ قالىدۇ. ھاياتتا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئالدىنىپ
ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ قالىسىز، سىز ئىگە بولغان ھەقى-
قەت بىلەن رېئاللىق بەزىدە توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. گاھىدا
بىلىشىنىڭ يوچۇن رايونلىرىغا كىرىپ قېلىپ گاڭگىراش ئى-
چىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىگە قايتىدىن نەزىرى-
ڭىزنى ئاغدۇرىسىز. بىلىپ قېلىش كاللىڭىزدا بىر قاتار ئا-
زابلىق سوئاللارنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ
ئىچى ھىيلە ـ مىكىر، ساختىلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن،
ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن پەردازلاپ كۆر-
سىتىشكە ماھىر كېلىدۇ. ئۇنداقلار گەرچە ئېغىزىدىن ھەقى-
قەتنى چۈشۈرمىگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەققەتتىن ئۆلگۈ-
دەك قورقۇشىدۇ. شۇڭا ھەقنى سۆزلىگۈچىلەرنى چىن دى-
لىدىن ياقتۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قاراي-
دۇ، ھەتتا رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق پۈتلىماقچى بولۇشى-
دۇ. شۇڭا ھەققەتكە ئېرىشىش يولىدا توختىماي ئۆگىنىۋات-
قان ئادەم ھەم ۋۇجۇدىنىڭ ئىچكى قىسمى پەيدا قىلىۋاتقان
ۋە سىرتقى قىسمىدىن كېلىۋاتقان زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار-
نىڭ تىركىشىشى ئىچىدە ياشايدۇ. ئادەم ئۆگەنگەنسېرى
روھىي ئازابلىرىمۇ كۆچىيىپ بارىدۇ. بىراق بۇ خىل ئازاب
ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ياكى تەنىنىڭ ئازابىغا ئوخشىمايدۇ.
ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر ماھىيەتلەرگە تۇتاشقان، مەزمۇندار
ھەم ئالىيجاناب بولىدۇ. غەپلەتتىكى ئادەمدە ھەرگىزمۇ
بۇنداق كىرىزىس تۇيغۇسى، ئازاب ئېڭى بولمايدۇ. بۇ
خىل ئاڭ مەنىۋىيەتتە دائىم دېگۈدەك زىلزىلە، ھاياجان
پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، بىخۇدلاشماي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدى-
كى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئارستوتېل: «تىراگېدىيە ــ ھېسسىياتنىڭ پاكلىنىشى-
دۇر» دېگەن ئىكەن. مېنىڭچە قەلبنىڭ دېرىزىسى دۇملىۋې-
تىلىپ مەرىپەت نۇرىدىن مەھرۇم قالغان، ئازاب ئېڭى
بولمىغان نادان ئادەملەردە، گەرچە تۇرمۇشتىكى بەختسىز-
لىكلەردىن قايغۇرۇش، ئازابلىنىش ھېسسىياتى بولسىمۇ بۇ
خىل قايغۇ ـ ھەسرەت تىراگېدىيە ئېڭى دەرىجىسىگە كۆتۈ-
رۈلمىگەچكە، كۆلپەتلەر روھنى سۇندۇرۇپ تېخىمۇ چۈش

كۈنلۈك پاتقىقىغا ئېتىلدۇكى، روھنى ئويغىتىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇشقا، «ھېسسىياتنى پاكلاشقا» ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ. ئازاب ئېڭى بولمىغان ھايات ئاددىي، نەتىجىسىز، بىخۇد ۋە چۈشكۈن ھاياتتۇر. ئازاب ئېڭىغا ئىگە بولمىغان جەمئىيەتمۇ چۈشكۈنلەشكەن جەمئىيەتتۇر. شۇڭا كىرىزىس پاتقىقىغا پېتىۋاتقان ئادەملەر ئۆگىنىش ئارقىلىق ئازاب ئېڭىنى پەيدا قىلمىسا بولمايدۇ.

5

لىنكولن: «قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدىغان بارلىق سەۋەب دەل پايدىسىز ئىشلار بىلەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر» دېگەن. جاھاندا بىكارچىلىق، لاغايلاپ يۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق زېرىكىش بولمايدۇ. ھۇرۇنلۇق، سۆرەلمىلىك، تىرىشچانسىزلىق ئادەمنى ئىنتىلىش تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشاشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەي كۈنلىرىنى يەپ-ئىچىش، لاغايلاپ يۈرۈش، كۆڭۈل ئېچىش، ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزسە، بۇنداق پۇچەك ھايات ئادەمگە ھەقىقىي خۇشاللىق ئاتا قىلالمايلا قالماي، ئەكسىچە ئازابلىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەيلاسوپ كانت ئېيتقاندەك: «ئادەم تەپەككۇر قىلىدىغان ھايۋان. ئادەم ئەگەر چوشقىغا ئوخشاش ھەر كۈنى يېيىش - ئىچىش، ئۇخلاش بىلەنلا مەشغۇل بولسا قايغۇ - ھەسرەتتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇ چوشقىغا ئايلىنالمايدۇ، ھەتتا چوشقىغا ئايلىنىشنى ئويلىغانسېرى شۇنچە ئازابلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر خىل روھ بار، بۇ روھ سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ چۈشكۈنلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ، چوشقا بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. دېمەك ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا چۈشكۈنلىشىشمۇ ئىنتايىن جاپالىق ئىش.» [13] مېھنەتسىز ھاياتنىڭ ئارقىسىغا ئەمەلىيەتتە مەنىسىزلىك، زېرىكىش ئالامەتلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. خۇددى جۇ خېجۈن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئادەم قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ لاغايلاپ يۈرگەندە ئۆزىدىكى پۇچەكلىكنى ھېس قىلىدۇ، روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا سىقىلىش، ئازاب، قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى كۆرۈلىدۇ. كىشىلەر تۇرمۇش نىشانىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىنى، نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ئەھۋالدا دوزاخقا كىرىپ قالغان بولىدۇ. ھەقىقىي زېرىكىش دېگىنىمىز — چىدىغۇسىز ئىشلاردىمۇ پۈتۈنلەي بىخۇد ھالەتتە تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. زېرىكىشنى ھېس قىلىش ئويغىنىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.» [14]

ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق، ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان شەيئىلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك، تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ مەنىلىك ھاياتقا يۈزلەنمەسلىكى كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ھەتتا داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن، جەمئىيەتتە زىيالىي ئاتىقى بار خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشنى تەرك ئېتىپ، كونا دەسمايە بىلەن چەكلىنىپ قېلىشىدۇر. تەربىيە كۆرمىگەن قاراتۇرۇك كىشىلەرنىڭ ئۆگەنمەسلىكىدىكى سەۋەبنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئېھتىياجىنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكىدىن دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلىمنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يەتمىگەن. بىراق ئوننەچچە يىل مەرىپەت بۆشۈكلىرىدە سىستېمىلىق تەربىيەلەنگەن، ئالىي مەلۇماتلىق دەپ قارىلىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆگىنىش ئېڭىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئېھتىياجى تويۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكەنمۇ؟ ياق، چۈنكى ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق. ئۇنداقتا ئۇلار شۇنچە ئوقۇپ ئۆگىنىپمۇ ئۆگىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىدىمۇ ۋە ياكى ئۆگىنىش قىلىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان باشقا ئامىللار بارمۇ؟

مەلۇم بىر مەكتەپتىكى 80 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ كۆرۈشۈمچە: ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەت خاراكتېرىنى ئالغان گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىختىيارىي يوسۇندا مۇشتەرى بولغان گېزىت تۈرى ئۈچ، مۇشتەرى بولغان ئادەم ئىككى نەپەر، ژۇرنال تۈرى 12 (يەنى 24 نۇسخا)، مۇشتەرى بولغان ئادەم 13 نەپەر بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىي ژۇرنال ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بىرىمۇ ئىلمىي ژۇرنالغا مۇشتەرى بولمىغان. دېمەك 65 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرمۇ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولمىغان. مۇشتەرى بولغانلار ئىچىدىمۇ كۆپ

مۇشتەرى بولغانلىرى ئۈچ تۇرگە، كۆپىنچىلىرى بىردىن تۇرگە مۇشتەرى بولغان. بەزىلەر «گېزىتكە مەجبۇرلىمىغان بولسا ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان بىرمۇنچە ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولالايتتۇق» دەپ باھانە كۆرسىتىشكەن. 30 نەپەرچە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەھۋال ئىگىلىشىمچە، بىرەرىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولمىغان. سەۋەبىنى بىلسەم، مەركىزىي مەكتەپ يۇقىرىدىن چۈشكەن سانغا ئاساسەن گېزىت ـ ژۇرناللارغا بىر تۇتاش مۇشتەرى بولۇپ، تەۋەيىدىكى ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا قانچىدىن پۇل توغرا كەلسە شۇنچىدىن چېچىۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولالماسلىقىغا بۇ بىر چوڭ باھانە بولغان. شۇنداقتىمۇ باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولغان. مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى شەخسەن ئۆزىلا 20 تۇرلۇك گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغان. مەلۇم بىر كۈنى مەن شىنخۇا كىتابخانىسىدا، تۇرمۇشى سېرىقتال بىر دېھقاننىڭ ئىككىلەنمەي 270 يۈەنگە 6 توملۇق رومان «باھادىرنامە»نى سېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەققەتەن تەسىرلەندىم. ئاق ياقىلىقلار ئىچىدە ھەر ئايلىق مائاشىدىن بىرەر ـ ئىككى يۈز يۈەننى مەخسۇس كىتاب ـ ماتېرىيال سېتىۋېلىشقا ئاجرىتىدىغانلار تولىمۇ ئاز. بىرنەچچە مىڭ يۈەن مائاش ئالىدىغان ئادەمگە نىسبەتەن بىر يىلدا گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا ئۈچ ـ تۆت يۈز يۈەن خەج قىلىش ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئىدارىدا يېزىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا پوچتىخانىغا بېرىپ مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە شۇ كىشىنىڭ تېخى مەنىۋى ئويغىنىش ھالىتىگە ئۆتمىگەنلىكى، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھىنىڭ يېتىلمىگەنلىكىدىندۇر.

ماڭا دائىم دېگۈدەك بىر نەرسە يازدۇرىدىغانلارنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدۇ. يېقىندا 10 يىل مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن بىرى، بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. گەرچە ماڭا نىسبەتەن بۇ 5 ـ 10 مىنۇتلۇق ئىش بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى. كۆڭلۈمدە: ئون يىل ئوقۇغان ئادەم ئاشۇنچىلىك بىر ئىلتىماسنىمۇ يېزىشنى بىلمىسە، ئۆزىنىڭ شورى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئىدىيەدىن ئۆتمىگەن ئىشلارغا باھانە دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇ ـ بۇ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بۇ ئىشنى بىرەر ھەپتىچە كەينىگە سوزدۇم. ئۇمۇ يا باشقا بىرىگە يازدۇرمىدى، خېلى كۆپ يېلىندى، شۇنچە ئۇزۇن يولنى نەچچە قېتىم قاترىدى. شۇ بىر كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتى ئىسراپ بولۇپ كەتتى. كېيىن ئويلاپ قالدىم: ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىق قالپىقى بار، «تۆمۈر ئورۇندۇق»تا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان، يەنە كېلىپ كۈندە دېگۈدەك كىتاب ـ ماتېرىيال، يېزىق ـ سىزىق ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغان خېلى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ مۇستەقىل ھالدا خىزمەت پىلانى، خۇلاسە دېگەنلەرنى تەلەپكە لايىق يازالمايدىغان، ھەتتا بايىقىدەك ئىلتىماسلارنىمۇ باشقىلارغا يازدۇرىدىغان تۇرسا، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ تۆگەمەس ئىشلىرى، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتى بىلەن ئۆگەنگەنلىرىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن بىر دېھقاندىن نېمە دەپ رەنجىگۈلۈك؟ شۇلارنى ئويلاپ ئۇنى ئاۋارە قىلغانلىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلدىم ـ دە، ئىلتىماسنى قاتۇرۇپ يېزىپ بەردىم.

بەزىلەر يۈزىنى داپتەك قىلىپ: «سىزنىڭ قەلىمىڭىز ئۆتكۈر، ماۋۇ نەرسەمنى گاچ ـ گۇچىلا يېزىۋېتىڭە» دەپ ھاجىتىنى ئەسكەرتىشىدۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئۆگەنمەي ۋاقتىنى قۇرۇق پاراڭ، مەنىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلارغا نىسبەتەن ۋاقىتنىڭ كارايىتى چاغلىق بولغىنى بىلەن، ماڭا ئوخشاش ۋاقىت يېتىشتۈرۈپ بولالمايۋاتقان ئادەملەرگە نىسبەتەن 5 ـ 10 مىنۇت ۋاقىتنىڭمۇ شۇنچە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشىنىشمەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئاچچىقىم غۇژژىدە تۇتىدۇ ـ دە، «شۇنىڭ نېمىنى يەۋاتقاندىكىن ئۆزۈڭ يازمامسەن، يا مەن سېنىڭ كاتىپىڭ بولمىسام» دېگۈم كېلىدۇ ـ يۇ، يەنىلا قىزىل يۈزلۈك ئادەملەرگە يۈز كېلەلمەي بوغۇزۇمغا كېلىپ بولغان گەپنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولىمەن. ئۇنداقلارغا «ئىشىم ئالدىراش» دەپ سوغۇقلا ئىنكاس قايتۇرىمەن. بەزىلەر ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى، ھەق بېرىپ رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئىچىمدە: ھەي بىچارە، شۇ ھالىڭغا ئۇنىۋان ئالىمەن دېگۈچە سىڭگەن نېنىڭغا شۈكۈر قىلساڭچۇ، دەيمەن. ئۇنداقلارغا يۈز ـ خاتىر قىلماي مىڭ كوي بەرسىمۇ يازالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن. شەكىلۋازلىق، كۆز بوياماچىلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى جەمئى-

يەتكە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ. توغرا، ھەممە ئادەمنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالىشى ناتايىن، بىراق قورساقنى كۆپتۈرىدىغىنى ئۇلاردا ئۆگىنىش روھىنىڭ يوقلۇقى، مەقسىتىم ئازراق بولسىمۇ ئۇلارغا ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى ھېس قىلدۇرۇش.

بۇلتۇر يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىدە يېقىن بىر بۇرادىرىم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ تەلەپچان، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك، مىللەت، خەلق جۈملىدىن مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماي، مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان قەلەمكەش ئىدى. ئۇ جەنۇبتىكى بىر قىسىم ئورۇنلارنى ئايلىنىپ تونۇلغان ئۈرۈمچىگە چۈشكەن ئىكەن. ئۇ بۈگۈن كەچتە يولغا چىقىدىغانلىقىنى، ھويلىسىدىكى تال بارىڭىنىڭ ئاستىدا يوغان بىر كارتونىنىڭ بارلىقىنى، كارتوننى ئۈستىگە يېڭى چىققان گېزىت - ژۇرناللارنى يېيىۋېلىپ، ئېسىل چاينى دەملەپ قويۇپ، يانپاشلاپ يېتىپ ئوقۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرىدىغانلىقىنى، نەچچە كۈن سىرتلاردا تۇرۇپ شۇ ئىشنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىدى، ئۇنىڭ تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن، بىر خىل ئىللىق كەيپىياتقا چۆمۈلگەندەك بولدۇم.

مەن شۇنداق ئويلايمەن: جەمئىيىتىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزدە ئۆگىنىش روھى يېتىلسە، كىتابخانا، قىرائەتخانا، ھۆنەر- تېخنىكا ئۆگىنىدىغان ئورۇنلاردا باس - باس ۋەزىيەت شەكىللەنسە، قۇرۇق پاراڭلار ئىلمىي مۇنازىرىگە ئورۇن بەرسە، پاراڭ قىلىشتىن پىكىر قىلىشقا يۈزلەنسەك، پىكىرلىرىمىزنىڭ تېمىسى قانداق يېڭى كىتابلارنىڭ نەشىردىن چىققانلىقى، قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىق، قايسى ئاپتورنىڭ نېمە تېمىدا ماقالە يازغانلىقى، ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىمىز، جاھاندا يەنە قانداق يېڭىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقى، كەسىپ، خىزمەت دېگەنلەرگە دىققىتىمىزنى كۆپرەك مەركەزلەشتۈرسەك، نەشرىيات ئورۇنلىرىمۇ بىر قىسىم قىممىتى بار كىتابلارنى چىرايلىق بولاپ ياكى بولمىسا ئەپچىل قەغەز خالتىسىنى بىرگە ئىشلەپ سوۋغاتلىق تۈس بەرسە، ھە دېسىلا تاۋاق راسلاشنىڭ ئورنىغا، بىر- بىرىمىزگە كىتاب سوۋغا قىلىشىدىغان مەدەنىي ئالماشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرساق... تۇرمۇش سۈپىتىمىزدە بۆلەكچىلا ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولاتتى.

مەن بىر يازمىدىن، كىتاب دېسە جېنىنى بېرىدىغان، مائاشى چىققاندا ئالدى بىلەن كىتاب سېتىۋالىدىغان، يانچۇقىدا پۇلى بولمىغان ئەھۋالدا ياخشى كىتابلارنى نېسىگە سېتىۋېلىپ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان، ئۆزىنىڭمۇ نەچچە كىتابى نەشر قىلىنغان ئالىم سۈپەت بىرىنىڭ، بىر پۈتۈن ھاياتىدا شۇنچە ئەجىر بىلەن توپلىغان شۇنچە قىممەتلىك كىتابلىرىنى، نادان پەرزەنتلىرىنىڭ دادىسىنىڭ كىرپىكىگە تېخى توپا قونماي تۇرۇپلا: «بىز بۇ كىتابلارنى ئوقۇيالمايدىكەنمىز، ئۆيدە تۇرسا بىنا ئۆينى تارلاشتۇرۇپ، ئۇياقتا ئۆتسەك بىر، بۇياقتا ئۆتسەك بىر پۇتلىشىپ تۇرىدىكەن... شۇڭا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى دېگەن. نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر قىسمىنى ئەخلەت يىغقۇچىلارغا جىڭلاپ ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. مانا بۇلار قالغىنى، خالىساڭىز بىر كىتابقا ئۈچ كويدىن بېرىپ، سىز بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ» دەپ، بىر كىچىك كىتابخانا خوجايىنىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئوقۇپ ئىچىم تولىمۇ ئاچچىق بولدى. بۇ زۇلمەتنى چىللىغانلىق ئەمەسمۇ، ئاشۇنداق ھاماقەتلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى ئىجتىمائىي توپنىڭ تەقدىرىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلەر؟

بەزىلەر «بىلىم ئېلىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشايدۇ» دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۆگىنىشنىڭ تولىمۇ مۇشكۇل ھەم جاپالىق جەريان ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۆگىنىشنى بىر خىل بېسىم ياكى يۈك سۈپىتىدە تونۇساق بىزارلىق تۇيغۇمىزنى قوزغايدۇ. ئۆگىنىشتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلسەك ھەرقانچە جاپا - مۇشەققەتمۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدۇ. كىممۇ ئىشتىن ھېرىپ- ئېچىپ ئۆيگە كەلگەندە قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ، سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پىروگراممىلاردىن ھۇزۇرلىنىشنى خالىمىسۇن؟ كىمنىڭمۇ كۆڭلى تارتقان ئىشنى قىلغۇسى، ھاياتنىڭ راھىتى ۋە ھۇزۇر- ھالاۋىتىنى سۈرگۈسى كەلمىسۇن؟ بىراق ئادەم تارىختا نەزەر ئاغدۇرۇپ بىلىمسىزلىك، نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ كىشىلەرنى قانداق ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئەخلەت ئىدىيەلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئادەتتىكى مېڭىلەرنىڭ تەقدىرى - قىسمەتلىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ئىدراك قىلىپ كۆرگىنى

ده، بىلىم رىقابىتىنىڭ بىلىمسىزلەرگە نىسبەتەن قانداق كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئانالىز قىلىپ كۆرگەندە، بىلىمسىزلىكنىڭ ئادەمنى نەقەدەر خار ۋە زەبۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە، دەۋرنىڭ تەقەززاسىنى چۈشەنگەندە، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشنىڭ ئارقىسىغا قانداق خەتەرلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزگىنىدە، ئاجىزلىقى تۇپەيلى ئاغزى ـ بۇرنىنى قانغا مىلىگەندە، ئادىمىيلىك ۋىجدانى ئويغانغاندا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى كۈچەيمەي قالمايدۇ.

«نادانلار زارلىنار تۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، دانالار ئېچىنار كۈنىنىڭ قىسقىلىقىغا» دېگەندەك، دانالار ئىشلىرىغا ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەي ئاۋارە، نادانلا بىكار ۋاقتىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاقىتنى خەجلەپ بولالماي ئاۋارە. تۇرمۇش سۈپىتى يۇقىرى كىشىلەر ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىچكى قۇۋۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ بارىدىغان بولغاچقا نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەقىل ـ پاراستى كۈچلۈك، روھى ئويغاق، جەمئىيەت، ۋەزىيەت مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن تۇيغۇن كېلىدۇ. ھاياتقا نىسبەتەن ۋەزنىلىك سوئال قويالىغاچقا، ئۆز قىممىتى ۋە قىسمىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ۋاقىتنى ھايات دەپ بىلىپ ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىدۇ، ئىزدىنىدۇ، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدۇ. بىرەر ئىنتىلىشى بولمىغان تۇرمۇشنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنچە غەيرىتىنى پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىچكى كۈچ بولسا، ياشاشقا ئەرزىگۈدەك نىشانى ۋە ئېتىقادىنىڭ بولغانلىقىدا. شۇڭا ئۇلار ھاياتنىڭ ئادەتتىكى ۋاڭ ـ چۇڭلىرى ۋە ئېزىقتۇرۇشلىرى ئالدىدا ئالدىراپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئەرزىمەس كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئالدىراپ ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالمايدۇ.

دېمەك، ئۆگىنىش بىلەن تۇرمۇش سۈپىتى فۇنكسىيەلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، قانچە ئۇنۇملۇك ئۆگەنسېرى تۇرمۇش سۈپىتىمىز ماس ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. ھاياتلىقنىڭ ئۆزى ئۆگىنىش جەريانىدۇر. بىر كۈن ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىماقچى بولسىڭىز، بىر كۈن ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. 30 ياشقا، 40 ياشقا، 50 ياشقا كىردىم دەمسىز؟ بۇ باھانە ئەمەس، 70 ياشقا كىرسىڭىزمۇ ئۆگىنىشنى باشلىسىڭىز يەنىلا تېگىشلىك نەپكە ئېرىشەلەيسىز، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئارقىلىق ئەھمىيەتلىك ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ يېتىسىز. ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىڭىز ئۆگىنىش قىلىڭ! ئۆگىنىشنى باشلىمىغان بولسىڭىز دەرھال ھازىردىن باشلاڭ!

نەقىل مەنبەلىرى:


[ 1] «پسىخولوگىيە» ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاي 3 ـ نەشرى، 229 ـ بەت.

[ 2] [ 7] ئابلەت ئابدۇللانىڭ «ئۇلۇغ قەرزدار، ئۇلۇغ يازغۇچى زوردۇن سابىر» ناملىق بىيوگرافىك ئەدەبىي خاتىرىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىلى 6 ـ سان، 20 ـ 13 ـ بەتلەر.

[ 3] [ 4] [ 8] زۇلپىقار بارات ئۆزباش، «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 140 ـ، 231 ـ، 65 ـ بەتلەر.

[5] [6] [14] [13] [11] جۇ خېجۇن: «تۇرمۇشتىكى پەلسەپە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 347 ـ، 396 ـ، 387 ـ، 29 ـ، 49 ـ بەتلەر، يالقۇن روزى تەرجىمىسى.

[ 9] ئۆمەر ئوسمان شىپائىي تېكىننىڭ «ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئۇنىڭ رولى» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2011 ـ يىلى 3 ـ سان، 33 ـ بەت.

[ 10] مېلىك فەنلى باش بولۇپ تۈزگەن «ھازىرقى زامان مائارىپ نەزەرىيەسى» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ بەت، خالىق ئاۋۇت تەرجىمىسى.

[ 12] زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 283 ـ 289 ـ بەتلەر.


---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۈلنار رۇستەم (تەكلىپلىك)؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم (تەكلىپلىك).




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا شىركەتنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى:**

ئەمدى بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز شىركەتنىڭ مىكرو قاتلامدىكى تەسىرى. يۇقىرىدا بىز مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتكەن سىياسىي، مائارىپ، پەن - تېخنىكا جەھەتلەردىكى شىركەتنىڭ ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن تەسىرى ئومۇمەن جەمئىيەتنىڭ ماكرو قاتلىمدىكى تەسىرى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ماكرو قاتلامدىكى تەسىر ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر يوسۇندا ئوخشىمىغان ۋاستە، شەكىللەر بىلەن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ شىركەتنىڭ ماكرو قاتلامدىكى تەسىرلىرى ئارقىلىق، يەنى، شىركەتنىڭ ئۆزىگە خاس خىزمەت مۇددىتى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق مىكرو قاتلامغا — كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشى ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭچە، شىركەتلەر كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا، ئۆزىدىكى ئالاھىدە خىزمەت ئۇسۇلى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلى زور دەرىجىدە مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، مەن شىركەتنىڭ بۇ ئىككىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەيمەن.

**1. شىركەتلەردىكى خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى:**

ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز ئورگاندىن ئايرىلالمايدۇ. مېنىڭچە بۇ يەردە ئورگاننىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىش شىركەتلەردىكى خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا نېمىشقا زور تەسىر كۆرسىتەلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ياردىمى بار.

كارخانا باشقۇرۇشقا ئالاقىدار ئەڭ كىلاسسىك كىتابلارنىڭ بىرى «ئورگان» دېگەن كىتابتا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ: «ئورگان نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ تومتاقراق جاۋاب شۇكى، چۈنكى كىشىلەر ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. ئەمگەك كۈچى — باشقىچە ئېيتقاندا، كۆپ سانلىق قۇرامىغا يەتكەنلەر — ئويقۇدىن باشقا 1/3 قىسمىدىن ئارتۇق ۋاقتىنى ئۆزىنى ياللىغان ئورگانلاردا ئۆتكۈزىدۇ. بالىلارمۇ تەخمىنەن مۇشۇنچىلىك ۋاقتىنى مەكتەپلەردە ئۆتكۈزىدۇ. يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان ئورگانلار بالىلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ ئىگىلەيدۇ.» (ماشىنا سانائىتى نەشرىياتى، 2008 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە، 2 - بەت، جامېس مارچ، خېربېرت سىمون.)

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، بىز

**كارخانا مەدەنىيىتى**

ئىشلەيدىغان ئىدارە ـ ئورگان، ئوقۇيدىغان مەكتەپ، ئىشلەيدىغان شىركەت ـ كارخانىلار يۇقىرقى بايانىدا تىلغا ئېلىنغان ئورگان شۇدۇر.

«جەمئىيەتشۇناسلىق» تا بۇنىڭغا مۇنداق تەبىر بېرىلىدۇ:

«كىشىلەر دائىم ئۆزى يالغۇز قىلالمايدىغان ئىشلارنى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قىلىدۇ. مانا بۇنداق ھەمكارلاشما پائالىيەتلەرنى تاماملايدىغان ئەڭ باش ۋاستە دەل ئورگاندۇر. ئورگان دېگىنىمىز، مەلۇم بىر ئورتاق مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرەر كونكرېت پائالىيەتكە جۇغلانغان، ئوچۇق ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىدۇر.»

دېمەك، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆتكۈزىدىغان ئورگان ـ شىركەتلەر، مۇقەررەر يوسۇندا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، بولۇپمۇ شىركەتلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئۇسۇلى، مەشغۇلات تەرتىپلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئادىتىگىلا ئەمەس، تۇرمۇش ئادىتى، ھەتتا قىممەت قارىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئېنىقكى، ئالدىنقى قىسىملاردا قەيت قىلغىنىمىزدەك شىركەتلەر سانائەتلىشىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سانائەتلىشىشتىن ئىلگىرىكى ئاساسلىق تىرىكچىلىك شەكلى دېھقانچىلىق ۋە يەككە تىجارەت ئىدى. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنىڭ كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ، سانائەتلەشكەن دەۋردىكى شىركەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىشى تولىمۇ تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

شىركەت غوجايىن، خادىم ۋە باشقۇرغۇچىلار مۇئەييەن مەنپەئەت ئورتاقلىقى ئاساسىدا، مەلۇم تۈزۈم ۋە كېلىشىملەر ئاساسىدا بىرلىككە كېلىشىپ، تەشكىللىنىدىغان بىر ئىقتىسادىي ئورگاندۇر، شىركەت ئەنە شۇ ئوخشىمىغان بىر قانچە بۆلەكتىن تەشكىللىنىدىغان بىر ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنىڭ سودا پائالىيىتى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت ئۇسۇلى يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سودا ـ سېتىق ئۇسۇلىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. شىركەت خىزمىتىنىڭ ئۇسۇللىرى شىركەت شۇغۇللىنىدىغان سودىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، ھەيلى ئوخشىمىغان شىركەتلەر ھەرخىل سودا بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىدىغان بىر قانچە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ئورگان بولغاچقا، خىزمەتنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلەر ئارىسىدا تەقسىملىنىشىدىن ئىبارەت بىر ئورتاقلىق ھەر قانداق شىركەتتە مۇقەررەر مەۋجۇت بولدى. گەرچە شىركەت بىرلا خىل سودا بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، كونكرېت سودا مەشغۇلاتى ئوخشىمىغان بۆلەكلەرگە تەقسىملىنىپ، شۇ بۆلەكلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغان بولدى. تۆۋەندە بىر گىلەم زاۋۇتىنى مىسالغا ئالىمىز:

گىلەم كارخانىسىمۇ بىر شىركەت، بىر ئورگان. شۇنداق بولغانىكەن ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەمدىكى گىلەم كارخانىسىدا مۇنداق بىر قانچە بۆلەك بولۇشى مۇمكىن:

1) كارخانىدا چوقۇم گىلەم توقۇيدىغان ئىشچى بولۇشى كېرەك، بۇلار بولمىسا باشقا ھېچنېمە بولمايدۇ. بۇنى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى دېگەچ تۇرايلى.

2) گىلەمنى ساتمىسا بولمايدۇ، شۇڭا مەخسۇس بازار ئېچىپ، خېرىدار تېپىپ گىلەم ساتىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، بۇنى سېتىش بۆلۈمى دەيلى.

3) گىلەم سېتىلغاندىن كېيىن كىرگەن پۇلنى ھېسابلاپ قانچىلىكى پايدا، قانچىلىك تەننەرخ، قانچىلىك نەق ـ نېسى... دېگەنلەرنى ھېسابلاپ، پايدا، زىياننى ئېنىقلاش كېرەك. بۇنىمۇ مەخسۇس قىلىدىغان ئادەم لازىم، بۇنى مالىيە بۆلۈمى دەيلى.

4) ئەمدى، مۇشۇ ئۈچ بۆلۈمنىڭ خىزمىتىنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، كۆرۈنگەن مەسىلىلەرنى بايقاپ تۈزۈش كېرەك. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى گىلەمنى ۋاقتىدا توقۇپ بولالماسلىقى ياكى سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، سېتىش بۆلۈمى ۋاقتىدا ساتالماي ياكى بازار ئېچىشقا ئۈزدەنمەي گىلەم ئامبارغا بېسىلىپ قېلىشى مۇمكىن. مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بولسا ھېسابنى توغرا قىلالماي قېلىشى ياكى خىزمەت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، مانا مۇشۇلارنى نازارەت قىلىپ، ھېساب ئېلىپ تۇرىدىغان، باشقۇرىدىغان بىر بۆلۈم لازىم، بىز بۇنى باشقۇرۇش بۆلۈمى دەيلى.

بىز بۇ مىسالدىن بىرلا بۆلۈمنىڭ ھەممە خىزمىتىنى ئارتقۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، كېچىككىنە ئويلانساقلا مۇنداق يەكۈنگە كېلەلەيمىز:

1) شىركەت بىر قانچە بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.

2) ھەر بىر بۆلەكنىڭ خىزمىتى ئايرىم بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

3) ھەر قايسى ئوخشىمىغان بۆلەكلەرنىڭ خىزمىتى ئوخشاش بىر شىركەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

4) ئوخشىمىغان بۆلەكلەر خىزمىتىنىڭ ماسلىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا، مانا بۇ ئوخشىمىغان بۆلەكلەر نېمە ئارقىلىق ماسلىشىپ ئورتاق نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بىزنى تەبىئىي رەۋىشتە شىركەت خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان تۈزۈمچانلىققا باشلاپ بارىدۇ.

**بىرىنچى، تۈزۈمچانلىق.**

يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بەرسەك، بۇ ماسلىشىش تۈزۈم ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ يەردە دەۋاتقان تۈزۈم شىركەت غوجايىنلىرى، پايچىلار ۋە خادىملارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىدىغان، ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ كونكرېت ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىيدىغان، ھەر قايسى تەرەپلەر ئورتاق كېلىشىپ بىرلىككە كەلگەن قائىدە ـ نىزاملارنىڭ يىغىندىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ قائىدە ـ تۈزۈملەر بولماي تۇرۇپ، شىركەت خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمىتىنىڭ ئادا قىلىنىشىغا پەقەت بېكىتىلگەن تۈزۈملەر بىلەنلا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بۇ خۇددى بىر دۆلەتنى (ئۇمۇ بىر رەسمىي ئورگان) قانۇن، تۈزۈمسىز ئىدارە قىلغىلى بولمىغاندەك بىر ئىش. شۇڭا تۈزۈم ھەر قانداق بىر ئورگاننىڭ ، مەيلى ئۇ ئىقتىسادىي ئورگان ياكى سىياسىي ئورگان بولسۇن جېنى ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇ تۈزۈم يادرولۇقىدىكى شىركەتلەرنىڭ نۇرغۇن خىزمەت ئورنى تەمىنلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ خىزمەتكە بولغان ئېھتىياجى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ شىركەت ئادىمى بولۇشى يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلاندى. بۇ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرسى تۈزۈمچانلىق بولدى.

ــ بۈگۈن دۇكاننى كېيىن ئاچتىلىغۇ؟

ــ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالغانتى.

ــ ئېتىزغا چىقماپسىلەرغۇ؟

ــ تېخى سۇ كەلمەپتۇ، كەلگەندە ئاندىن چىقىپ سۇغىرايلى.

...

مانا بۇلار بىزگە تولىمۇ تونۇشلۇق دىيالوگلار. ئەگەر سىز دۇكاندار بولسىڭىز، دۇكاننى سائەت نەچچىدە ئېچىپ، نەچچىدە تاقىشىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، دېھقان بولسىڭىز ئېتىزدىكى ئەمگىكىڭىز ھاۋارايىغا، پەسىلگە مۇناسىۋەتلىك، ئېتىزغا چىقىشتا بەلگىلەنگەن تۈزۈم يوق. ئەمما شىركەتنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئۇنداق ئەمەس، سىزنىڭ خىزمەت، دەم ئېلىشتىن ئىبارەت بارلىق مەشغۇلاتىڭىز مۇئەييەن تۈزۈملەر بىلەن قېلىپقا سېلىنغان، بۇ تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ـ قىلماسلىق سىزنىڭ شىركەتتە ئىشلەش ـ ئىشلىمەسلىكىڭىزنى زور دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ.

دېمەك، بۇ خىل خىزمەت ئادىتى مۇقەررەر يوسۇندا، شىركەت خادىملىرىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى مۇئەييەن پىلان ـ تەرتىپ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئادەت يېتىلدۈرەلەيدۇ. بۇ خىل ئادەت خىزمەت سورۇنى بولغان شىركەتتىلا ئەمەس، خىزمەتتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئەلۋەتتە رايونىمىزدا شىركەتنىڭ كۆلىمى، دائىرىسى ئۇنداق چوڭ، كەڭرى ئەمەس، خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ تېخىمۇ شۇنداق، ئەمما سانائەتلەشكەن ئەللەردە ۋە جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا شىركەت خىزمەتچىلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ خىزمەت، دەم ئېلىشلىرىنىڭ تۈزۈم ـ ئوربىتىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان.

ياپونىيە ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە چىققانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيەردىكى كىشىلەردە ئۆزىنىڭ كۈندىلىك، ھەپتىلىك ۋە ئايلىق پائالىيەتلىرىنى پىلانلاپ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭىدىغان ئىش ئاساسەن ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىكەن. مەنمۇ توردىن ئۇلاردا ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان مۇشۇ ساھەدىكى مەخسۇس تېرمىنلارنىمۇ كۆپ ئۇچراتتىم. مەسىلەن: كۈندىلىك پىلانچى (daily planner)، ھەپتىلىك پىلانچى (weekly planner)، ئايلىق پىلانچى (Monthly planner) قاتارلىقلار ... ۋاھالەنكى، يەككە تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان جەمئىيەتلەردە بولسا، تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش خېلىلا ئىختىيارىي بولۇپ، تۇرمۇشنى زىيادە تەرتىپكە سېلىۋالىدىغان ئىشلارمۇ تازا قارشى ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت ئۇنداق مۇھىتتا مۇئەييەن دەرىجىدە يەكلىنىدۇ. شىركەتتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ماشىنىدا يېتىلدۈرگەن ئادەت قارىماق-

قا خۇسۇسىغا تەئەللۇق ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، كۆپ سانلىق ئاھالىسى شىركەتتە ئىشلەيدىغان جەمئىيەتلەردە بۇ ئادەت ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان كۆرۈنمەس كاپىتالغا ئايلىنىپ قالغان.

ئىككىنچى، ۋاقىتچانلىق.

بۇ خىل ئادەت مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىنتىزامچانلىق بىلەن قېرىنداش كېلىدۇ. چۈنكى، ۋاقىتتىن ئايرىلغان، ۋاقىت ئىنچىكە پىلانلانمىغان ئىنتىزامچانلىقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ئىگىلىك فورمىسى ئادەملەرنىڭ ۋاقىت قارىشىنى، ھەتتا ۋاقىت ئىشلىتىش ئادىتىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. ۋاقىتنى ئىنچىكە ئۆلچەيدىغان، سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلارغىچە بۆلۈپ ھېسابلاشمۇ سانائەتلىشىشنىڭ مەھسۇلى. دېھقانلارنىڭ قولىدا سائەت بارمۇ؟ ئەسلىدە بۇ سوئالدىن بۇرۇن دېھقانلارنىڭ سائەتكە ئېھتىياجى بارمۇ؟ دەپ سورىشىمىز مۇۋاپىق، چۈنكى دېھقانچىلىقنىڭ ۋاقىتقا قويغان تەلىپى ئۇنداق يۇقىرى ئەمەس، دېھقانلىرىمىز كۆن چىققاندا (نەيزە بويى ئۆرلىگەندە) ئېتىزغا چىقىدۇ، قورساق ئاچقاندا ياكى قاراڭغۇ چۈشكەندە ياكى ئىش تۈگىگەندە ئۆيىگە قايتىدۇ. چۈنكى ئەمگەكنىڭ ئۆزى شۇنداق بولۇشنى بەلگىلىگەن، شۇڭا دېھقانلار ۋاقىتنى «بىر ئاش پىشىم»، «ناماز دىگەرگىچە» دېگەندەك ئوبرازلىق تەسۋىرلەر بىلەن ئۆلچىگەن.

ئەمما شىركەت خادىملىرىچۇ؟ ئەلۋەتتە بىز شىركەتتە دېھقانچە ۋاقىت قوللىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، شىركەت پائالىيىتى، پىلانلىق، تەشكىللىك، تەرتىپلىك پائالىيەتتۇر، بۇنداق تەشكىللىك پائالىيەت پەقەت خادىملار خىزمىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋاھالەنكى مانا بۇ ماسلىشىش دەل خادىملارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاماملىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، قايسى ھالقىدىكى خىزمەت كېچىكسە بىر پۈتۈن سىستېمىنىڭ خىزمىتى ئاقسايدۇ.

ۋاقىت ــ بايلىق، دېگەننى ھەممىمىز بىلىمىز. ھالبۇكى بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن ۋاقىت بىر يوك، بەزىلەرگە بولسا قىممەتلىك گۆھەر، بۇنى شۇ ئادەملەر شۇغۇللىنىدىغان ئىش بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ۋاقىت ــ بايلىق، دېگەن بۇ گەپمۇ بىر نىسپىي ئۇقۇم، شۇ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان جەمئىيەتكە، شەخسكە نىسبەتەن ۋاقىت ئاندىن بايلىقتۇر. ھازىرقى رېئاللىقتىن قارىغاندا ۋاقىتنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي بايلىققا ئايلاندۇرغىنى سانائەت جەمئىيىتىدۇر، يەنى شىركەت ئومۇملاشقان جەمئىيەتتۇر، شىركەت خادىملىرىنىڭ دائىم ئالدىراش يۈرۈشىمۇ، ئۆزىنىڭ خاھىشىدىن ئەمەس، شىركەت خىزمىتىنىڭ تەلىپىدىن كەلگەندۇر، خىزمەتكە بىرەر قېتىم كېچىككىش، كەلمەي قويۇش، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشنى بىرەر قېتىم كېچىكتۈرۈپ قويۇش ھەرۋاقىت ئۇلارنى تاماق قاچىسىدىن مەھرۇم قويۇشى مۇمكىن. ئالدىراشلىق سانائەت جەمئىيىتى ئۇقۇرالىرىنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش رىتىمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممەيلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىراشلىقىنى توغرا چۈشىنىدۇ. ئەمما دېھقانچىلىق ياكى يەككە ئىگىلىك ئاساس جەمئىيەتلەردە ۋاقىت تولىمۇ كەڭرى ۋە ئازادىدۇر.

ئۈچىنچى، تىرىشچانلىق ۋە رىقابەتچانلىق.

شىركەتلەردىكى خىزمەتلەر ھەرگىز مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. شىركەت غوجايىنلىرى خادىملارنى ھەرگىزمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى ياكى ئىچ ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن ياللىمايدۇ. بەلكى خادىملاردىكى مەلۇم ئىقتىدار ـ قابىلىيەتنى نەزەردە تۇتىدۇ. شۇڭلاشقا شىركەتلەر ھەر دائىم ئەڭ ئىقتىدارلىق خادىملارنى ئىزدەپ ياللاپ، ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇمۇ شىركەت تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىچكى تەلىپى. شىركەتكە نىسبەتەن يۇقىرى ئىقتىدارلىق خادىملار خۇددى شىركەتنىڭ مۈلكى ۋە ماركىسىغا ئوخشاشلا بايلىقى ھېسابلىنىدۇ، شىركەتكە نىسبەتەن مۇھىمى خادىملارنىڭ ئۆزى ئەمەس ئىقتىدارىدۇر.

مانا بۇ خىل خىزمەت مېخانىزمىدا شىركەت خادىملىرىدىن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى يېڭىلاش، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى بىلىم ـ تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ بىلىمسىزلىك، ئىقتىدارسىزلىق ياكى ھورۇنلۇق تۈپەيلىدىن بەلگىلەنگەن خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندا، شىركەت ئۇنى بوشىتىپ، ئورنىغا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم ياللايدۇ. شۇڭلاشقا شىركەت خادىملىرى ھەر ۋاقىت تىرىشىپ ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەتتا، مەزكۇر خىزمەتنى ياخشى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ، تۇرمۇشنى قامداش ئېھتىياجى ئۇنى ھەر دائىم تاماق قاچىسىنى

قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن توختىماي تىرىشىپ يېڭى بىلىم، تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن شىركەتلەر خادىملىرىغا ئۆزىنىڭ ئىقتىدار ـ تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان سەھنە ھازىرلاپ بېرىدۇ. خادىملارنىڭ ياراتقان ئۈنۈم، قىممىتىگە ئاساسەن ئۇلارنى بەلگىلىك مۇكاپات بېرىش، ئۆستۈرۈش، ھەتتا پايچىلىققا قوبۇل قىلىش دېگەندەك ھەر خىل تەدبىرلەر بىلەن ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، خادىملارغا نىسبەتەن 2000 يۈەن مائاشتىن 5000 يۈەن، بۇنىڭدىن 10000 يۈەن ياخشى، بۇنداق مېخانىزممۇ خادىملارنى داۋاملىق تىرىشىدىغان ئىچكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى تەرەپلىك بېسىم ھەر دائىم ئۇلارنى بوشاشماسلىققا، توختىماي تىرىشىپ، ئۆز رىزقىنى چوڭايتىشقا ھەيدەپ تۇرىدۇ.

ئەمدى رىقابەتچانلىققا كەلسەك، بۇمۇ ماھىيەتتە، تىرىشچانلىق بىلەن تۇغقان ئۇقۇملاردۇر. بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، خادىملارنىڭ خىزمەت ئورنى مۇقىم كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا ھەر ۋاقىت يېڭى خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ بېسىممۇ خادىملارنى تىرىشىپ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت ئورنىنى قوغداشقا مەجبۇرلايدۇ.

شىركەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزى ئەسلىدىلا رىقابەتچان قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بازارنىڭ ئۆزى بىر جەڭ مەيدانى، رىقابەت ئىقتىدارى يوقلار ھامان شاللىنىپ كېتىدۇ. شىركەتلەر بازاردا ئۇچرىغان رىقابەتكە ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش، ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىش دېگەندەك ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شىركەت خادىملىرىنىڭ بىلىم ـ ساپاسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ساپالىق خادىملىرى يوق ياكى ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرالمىغان شىركەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، خالاس. شۇڭلاشقا شىركەتلەر دائىم ئۆزىدە بار خادىملار بىلەنلا كۇپايىلىنىپ ئولتۇرماي توختىماستىن سىرتتىن ئىقتىدارلىق ئادەم ئىزدەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز خادىملىرىدىن توختىماي يۇقىرى ئۈنۈم، ھوسۇل تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپمۇ خىزمەتداشلار، بولۇپمۇ ئوخشاش بۆلۈمدىكى كەسىپداشلار ئىچىدە تەبىئىي رەۋىشتە رىقابەت پەيدا قىلىدۇ، رىقابەتتە ئۇتتۇرۇپ قويۇش ئىشسىزلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بولغاچقا، ھەممەيلەن جان ـ جەھلى بىلەن بۇ بەيگىدە ئۇتتۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شىركەتلەرنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى، شىركەت خادىملىرىنىڭ ئەمەلىي ساپاسىدىن كېلىدۇ. ھازىر غەرب جەمئىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن «ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش» (Lifelong Learning)، «ئۆگىنىشچان ئورگان» (Learning organization) قاتارلىق ئۇقۇملار مەلۇم دەرىجىدە شىركەتلەر پەيدا قىلغان رىقابەتلىك مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

دېمەك، شىركەتلەرنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى بېسىمدىكى رىقابەتچان مۇھىتى ئۆز خادىملىرىدىن ئۆزى خالاپ ياكى مەجبۇرىي تەرزدە توختىماي ئۆگىنىشنى، رىقابەتتە ئۇتتۇرۇپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ تۈرتكىسىدىمۇ سانائەت جەمئىيىتىدىكى كىشىلەردە يېزا ئىگىلىك ـ يەككە تىجارەت جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تىرىشچانلىق، رىقابەتچانلىق ئادىتى يېتىلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتچانلىق، تىرىشچانلىق رىقابەتچانلىق قاتارلىق ئادەتلەر كىشىلەرنى تولىمۇ ئۈنۈمدار، ھوسۇلدار قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئىجتىمائىي ئادەتلەر ساقلانغىلى بولمايدىغان تەرزدە يەنە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. يەنى شىركەتلەرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى كىشىلەردە يۇقىرىقىدەك ساپالارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، كىشىلەردە يەنە بەزى سەلبىي خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ قويۇشتىنمۇ ساقلىنالمىدى.

**تۆتىنچى، ماشىنىلىشىش ۋە شەخسىيەتچىلىك.**

نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناس، مۇتەپەككۇرلار زىيادە ئەقلىيلىشىشنى مەلۇم دەرىجىدە روھىي قۇرغاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل دەپ قارايدۇ. گېرمان جەمئىيەتشۇناسى ماكس ۋېبېر ھازىرقى زامان ئورگانلىرىنى ئىنتايىن ئەقلىيلەشكەن ئورگانلار دەپ قارايدۇ.

1912 ـ يىلىلا ۋېبېر سانائەتلىشىش ئارقىسىدا شەكىللەنگەن رەسمىي ئورگانلارنىڭ (شىركەتمۇ شۇنىڭغا تەۋە) ئادەملەردىكى ئادەمىيەت روھىنى بوغۇپ، ئادەملەرنى ماشىنىلاشتۇرۇۋېتىشكە نىسبەتەن ئۆز ئەندىشىسىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. ۋېبېر بۇ ئورگانلارنى بيۇروكراتىيە دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى بيۇروكراتىيە دېگەن ئۇقۇم بىز چۈ-

شىنىدىغان بيۇروكراتىيەگە ئوخشىمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتا بيۇروكراتىيەگە «مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈنۈملۈك تاماملاش ئۈچۈن ئەقلىي تەرزدە قۇرۇلغان بىر خىل تەشكىلىي ئەندىزە» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇ تەبىردىن قارىغاندا شىركەتلەرنىمۇ بيوروكراتىيەگە تايىنىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«ۋېبىر بيۇروكراتىيەنى ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بيۇروكراتىيەنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ خاسلىقىنى يوقىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقىغان. ‹خاسلىقىنى يوقىتىش› (Impersonalizatio) ئورگاننىڭ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، خىزمەتنىڭ قاتماللىشىپ قېلىشىنى، خېرىدارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېھتىياجلىرىغا سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، چوڭ تىپتىكى ھۆكۈمەت، سودا ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئۆلچەملەشكەن، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قېلىپ بويىچە، ھېسسىياتسىز ھالەتتە مۇلازىمەت ئوبيېكتىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ. ۋېبىر يەنە مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «رەسمىي ئورگاننىڭ خادىمى ‹مەڭگۈ توختىماي ئايلىنىدىغان ماشىنىدىكى بىر كىچىك ۋىنتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ›.» ئىنسانلارنىڭ توختىماي ئەقلىيلىشىشى نەتىجىسىدە، رەسمىي ئورگانلار ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بوغۇپ، ئادەمىي روھنى ئۆلتۈرىدۇ. خۇددى ۋېبىر بېشارەت بەرگەندەك: «ئەقلىي سىستېمىلار ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسىمۇ ئادىمىيلىكنى تارتىۋالىدۇ.» («جەمئىيەتشۇناسلىق» جون ماكئونىس (John Macionis) جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە، 209 - ، 220 - بەتلەر).

گېرمان پەيلاسوپى كارل ياسپېرس، ئېرىخ فىروملارمۇ سانائەتلىشىش، ئەكەلگەن روھىي كرىزىسلارغا نىسبەتەن ئۆز ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلىگەن.

شىركەتلەردىكى رەھىمسىز رىقابەت، تولىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان خىزمەت تەرتىپلىرى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋاقتىنى تارتىۋالىدۇ، ئۆزىنىلا مەركەز قىلىش، ھەممە ئىشتا ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش خېلىلا زور دەرىجىدە خىزمەتلەردىكى ئەنە شۇنداق ئالدىراش مۇھىتنىڭ مەھسۇلى. ئۇزاق مۇددەت بۇنداق ماشىنىلاشقان مۇھىتتا ياشاش ئادەملەردىكى شەخسىيەتچىلىكنى تەدرىجىي تەرزدە ئاڭلىق پائالىيەتكە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

روشەنكى، روھىيەتكە تەئەللۇق نەرسىلەر دائىم پەرۋىش قىلىشقا موھتاج. ئەمما بۇنداق جىددىي، ئالدىراش خىزمەت مۇھىتىدا، قوشنىدارچىلىق، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا يېقىنلىشىش، دوستلار ئارا ئىزدىشىش قاتارلىق ئىنسان روھىنى مېھرى - مۇھەببەت بىلەن ئاۋۇندۇرىدىغان پائالىيەتلەرگە ۋاقىت چىقماي، ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئادىمىيەت روھى يېتەرلىك ئوزۇققا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە مەسىلىلەرگە قىممەت، ئۈنۈم نۇقتىسىدىنلا قارايدىغان، مەنپەئەتتىن سىرت ئىشلارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدىغان ئادىمىيەتكە يات ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن بۇ تەسىرلەر پەقەت شىركەتنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاندىن پەيدا بولغان دېگەن يەكۈن كېلىپ چىقمايدۇ. بەلكىم ئىنسانلار تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەر كۆپ خىل ئامىللارنىڭ رول ئوينىشى بىلەن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردە بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ چىقىش بولمىغاچقا، پەقەت شىركەتنىڭ تەسىرىنى سۆزلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

يۇقىرىقىلار شىركەت ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بولسا، تۆۋەندە شىركەتلەر ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 2. شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق كۆرسەتكەن تەسىرى:

شۈبھىسىزكى، يېقىنقى 200 يىل ئىنسانلار تارىخىدىكى يېڭى تېخنىكىلىق كەشپىياتلار، يېڭىچە ئىستېمال مەھسۇلاتلىرى ئەڭ كۆپ مەيدانغا كەلگەن دەۋردۇر. كۆپلىگەن جەمئىيەتشۇناسلار (مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نولان لېنسكى) ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئەسەر، تەتقىقاتلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابلىرى ماكرو جە-

ھەتتىن دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيەسى ۋە ھەربىي پىلانلىرىغىچە تەسىر كۆرسەتسە، مىكرو جەھەتتىن ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئۇششاق پائالىيەتلىرىگىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ تەسىرلەر ئەنە شۇ تېخنىكا ئىنقىلابلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق كونكرېتلىشىدۇ.

مانا مۇشۇ مەھسۇلاتلارنى شىركەتلەر ئىشلەپچىقاردى ۋە ھەر خىل ئېلان ـ تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە تايىنىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستېمال كۆلىمى ۋە دەرىجىسىنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالەتكە يەتكۈزدى. دېمەك، شىركەتلەر مەھسۇلات ئىستېمالى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ھەتتا قىممەت قاراش، دۇنيا قاراشلىرىغا قەدەر ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

مەن تۆۋەندە شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدارلىقنى ئاساس قىلىپ ئىككى تۈرگە بۆلدۈم. كىشىلەر تۇرمۇشى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولمىغان مەھسۇلاتلارنى ــ ھەربىي قورال - ياراغ، ئالەم ئاۋىياتسىيە تېخنىكىسى ۋە باشقا ئالاھىدە كەسپىي ساھە مەھسۇلاتلىرىنى تىلغا ئالمىدىم. چۈنكى، مۇھاكىمىمىزنىڭ مەركىزى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بولغاچقا، شۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىۋاستە ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنىلا مۇھاكىمە ئوبيېكتى قىلدىم. بۇ نۇقتىدىن مەن شىركەت مەھسۇلاتلىرىنى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت ـ بىلىم مەھسۇلاتلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدىم. ھازىرقى مۇھاكىمىمىز سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئۈستىدە بولىدۇ. بۇ سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئىستېمال قىلىدىغان كىيىم ـ كېچەك، ماشىنا، تېلېۋىزور، تېلېفون، كومپيۇتېر، تازىلىق بۇيۇملىرى ... قاتارلىق ماددىي مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىمىز بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئاللىبۇرۇن تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، تۇرمۇشىمىزنى تېلېۋىزورسىز، تېلېفونسىز... تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، ئەمما ھەمىشە مۇشۇ بۇيۇملارنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئەپكەلگەن ئۆزگىرىشىنى ھېس قىلالمايمىز ياكى مەخسۇس بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرمايمىز.

بۇ نۇقتىدا مەن شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىش ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئېڭىدا شەكىللەنگەن مۇنداق ئىككى مەسىلە ھەققىدە سۆز قىلىش مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە بۇ تەسىرلەر مەن تىلغا ئالماقچى بولغان ئىككى نۇقتىنى بىلەنلا چەكلەنمەسلىكى مۇمكىن.

1) ئىستېمالچىلىق.

ئىستېمال دېگەن بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزىلا ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە تەتقىق قىلىنىدىغان ناھايىتى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە، ئىستېمال ئۇقۇمى ھەرگىزمۇ يېڭى ئۇقۇم ئەمەس، ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ كەلگەندىن باشلاپ، ئىستېمال ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۈپكى پائالىيىتى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىنسان، يېمەي ـ ئىچمەي، كىيمەي ياشىيالمايدۇ. مانا مۇشۇ پائالىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش دەپ ئاتايمىز. ئەمما ئىستېمال ئاتالغۇسىغا «ئىزم» ياكى «چىلىق» قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، بۇ چاغدىكى ئىستېمال بىز ئادەتلەنگەن مەنىدىكى ئىستېمال بولماي قالىدۇ.

ئىستېمالچىلىق دېگەن ئاتالغۇغا تور قامۇسى «ۋىكىپېدىيا» دا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ئىستېمالچىلىق بىر خىل ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ سىستېمىلىق يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت سېتىۋېلىش ئارزۇسىنى پەيدا قىلىش ۋە بۇ ئىنتىلىشنى تېخىمۇ غىدىقلاش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ.»

فىرانسىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ژان بودرىللارد (Jean Baudrillard) 1970 - يىللىرىلا غەرب جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل ئىستېمالچىلىق خاھىشىغا دىققەت قىلغان ۋە « ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى» دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى يازغان. ئۇ مۇشۇ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «باشتىلا شۇنى ئېنىق كۆرسىتىش كېرەككى ... بىزنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت سىستېمىمىز مانا مۇشۇ ئىستېمال ئۈستىگە قۇرۇلغان.» (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىلى 10 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت) ھەتتا بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى يەنە بىر ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى سورېستېن ۋېبلېن (Thorstein Veblen) ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «راھەتپەرەسلەر سىنىپى ھەققىدە» دېگەن كىتابىدىمۇ جەمئىيەتتىكى بايلار قاتلىمىنىڭ ئىستېمال ئادىتى ھەققىدە توختالغان ئىكەن. يەنە جەمئىيەتشۇناس زىگمونت باۋمەنمۇ

(Zygmunt Bauman) كېسپلا «بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى» دەيدۇ ۋە بۇنى ئىلگىرىكى جەمئىيەتكە سېلىشتۇرۇپ ئېيتىدۇ. ئۇ ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىدىن بۇرۇنقى جەمئىيەتنى «ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى» دەپ ئاتىغان. («خىزمەت، ئىستېمالچىلىق ۋە يېڭىچە نامراتلىق»، ماك گرووۋ فىل نەشرىياتى ۋە ئوبېن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 23 ـ بەت.)

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى ئادەملەرنىڭ غەرب جەمئىيىتىنى ئۆزىنىڭ كۆزىتىش، تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ھالدا يەكۈنلىگەن نەزەرىيە ـ قېلىپلارنىڭ ھەممىسى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى دەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا بىز ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىغا نەزەر سالماي تۇرالمايمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئادىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، بۇنى ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەردىن، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئىستېمال ئادىتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىنمۇ كۆرەلەيمىز.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە قايتساق، ئىستېمالچىلىق بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە چوڭ شەھەرلەردە ياشاۋاتقان پۇقرالارنىڭ بىر خىل تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ژان بودرىللارد بۇنى جەمئىيەتتىكى زىيادە مولچىلىق ئېشىنچىلىققا باغلايدۇ. بۇ دەل نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شىركەت مەھسۇلاتلىرىنى بۇ ھادىسىگە باغلىغانلىقىمنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ تىلغا ئالغان مولچىلىق دەل شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان سان ـ ساناقسىز مەھسۇلاتلارنىڭ جەمئىيەتتىكى زور دەرىجىدە دۆۋىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا بەزى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بۇ قېتىمقى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىستېمالدىكى ھەددىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىقىغا باغلايدۇ. بۇ ئىستېمالچىلىقنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى بىر چوڭ تېما، شۇنداقلا بۇ مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ باش تېمىسى ئەمەس، ئىستېمالچىلىقنى سىياسىي نۇقتىدىنمۇ، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ تەھلىل قىلىپ ئوخشىمىغان يەكۈنلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن، ئەمما بىز بۇ يەردە پەقەت شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ مەزكۇر ئادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىلا كۆڭۈل بۆلىمىز.

مېنىڭچە، ئىستېمالچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى شۆھرەتپەرەسلىك، كۆرۈنۈشى بولسا ئىسراپچىلىقتۇر. ئىسراپچىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ تۈپ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولغاندىمۇ قانائەت قىلمىغاندا، يەنە تېخىمۇ ئارتۇق قاندۇرۇش ئىستىكىدە يۈز بېرىدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىستېمالچىلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاچ كۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان رەڭگارەڭ، تۈرى چەكسىز، جەلپكار مەھسۇلاتلارنىڭ بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مانا بۇ مەھسۇلاتلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاشۇ ئىستەكلەرنى قاندۇرۇشنى ماددىي ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئىستېمالچىلىقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقارغان يەنە بىر ئامىل شىركەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەسى. ئۇلار ئېلان ـ تەشۋىقات ئارقىلىق خېرىدارلاردا شۇ مەھسۇلاتقا نىسبەتەن ھاجەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، يەنى ئۇلار مەھسۇلاتلا ئىشلەپچىقارماستىن يەنە ئىستېمالچىنىمۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ. شىركەتلەر بازىرىنى يېڭى ئېھتىياج يارىتىش بىلەن ئېچىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر دائىم بىزگىمۇ قولىمىزدىكى بۇيۇملارنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى، (تېخى ئۇنى ئىشلەتكىلى بولسىمۇ) ئەمدى يېڭىسىنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى، بىزگە ھەرخىل قولايلىق، ھەتتا ئىناۋەت، مەرتىۋە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ھۇجۇملارمۇ ئىستېمالچىلىق خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈۋېتىدۇ.

قىسقىسى، بۇ ئىستېمالچىلىقتا ئادەملەرنىڭ ماددىي مەھسۇلات ئارقىلىق قاندۇرىدىغىنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى، مەنىۋى ئېھتىياجىدۇر.

ئېھتىياجىدىن ئارتۇق، زىيادە قىممەت ۋە داڭلىق ماركىدىكى مەھسۇلاتلارنى قوغلىشىش ئىستېمالچىلىقنىڭ بىز كۆرەلەيدىغان كۆرۈنۈشى بولسا، قىممەت قاراش ـ ئۆلچەمنىڭ ئۆزگىرىشى ئىستېمالچىلىقنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

رولېكس (Rolex) ماركىلىق سائەت، بېنز، لىنكولن، رولىس رويىس ماركىلىق ماشىنىلار، ئارمانى (Armani)، سېينت ئانجېلو (Sairt Angelo)، پىرادا (Prada)... ماركىلىق كىيىملەر ھەرگىزمۇ ئاددىي تاۋارلار ئەمەس، بۇلار ئاللىبۇرۇن كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىلىرىگە ئايلىنىپ

قالغان. ژان بودرىللارد ئىستېمالچىلىقتا مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتىنى تەننەرخ ئەمەس، ئىستېمالچىلارنىڭ قىممەت قارىشى بەلگىلەيدۇ، مەھسۇلات ئادەملەر سالاھىيىتىنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە بىز ئەتراپىمىزدا بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ئوڭايلا ھېس قىلالايمىز.

دېمەك، بۇ خىل ئىستېمالچىلىقتا بىز باشقىلارنىڭ ئورنى، سالاھىيىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ئىستېمال قىلىۋاتقان ماركىلارنى، ئۇلار ئىشلەتكەن ماددىي بۇيۇملارنى ئاساس قىلىمىز. بودرىللاردنىڭ قارىشىچە ئىستېمالچىلىقتا ئادەملەرنىڭ ئىستېمال قىلىدىغىنى مەھسۇلاتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىدۇر.

قىسقىسى، شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان سان ـ ساناقسىز مەھسۇلاتلارنىڭ غايەت زور جۇغلىنىشى ۋە شىركەتلەرنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېلان ـ تەشۋىقات ھۇجۇمى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى توختىماي غىدىقلىشى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھېرىسمەنلىك، شۆھرەتپەرەسلىكنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىشقا كەڭرى شارائىت يارىتىپ بەردى.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەر سانائەت مۇھسۇلاتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە بولدى، ئەمدىكى مۇھاكىمىمىز مەدەنىيەت كەسپى مەھسۇلاتلىرى ئەپكەلگەن ئۆزگىرىش ـ تەسىرلەر ئۈستىدە بولىدۇ.

مەن بۇ يەرە كۆزدە تۇتقان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى كىنو، ناخشا ـ مۇزىكا، ئويۇن، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، يۇمشاق دېتال ... قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى زاماندا بۇلارمۇ شىركەتلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، سېتىلىدىغان غايەت زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان مەھسۇلاتلار بولۇپ قالدى. ھەممىمىزگە مەلۇم، دۇنيادىكى 1 ـ باي بېل گايتىس تارىختا روكفېللېر، مورگان، روسچىلدلارنى، ئەندىرو كارنېگىلارنى (ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر ماگناتى) باي قىلغان نېفىت، ئالتۇن ياكى پولات ـ تۆمۈر ئەمەس، بەلكى يۇمشاق دېتال يەنى بىلىم. ئەلۋەتتە يەنە بۇنىڭغا گوگۇلنىڭ (google)، فېيسبۇكنىڭ (Facebook)، يەنە باشقا ئويۇن شىركەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى خىلدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئادەملەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى ئوبيېكت قىلغان بولسا، ئىككىنچى خىلدىكى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن ئادەمنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئاساس قىلدى. بۇ يېڭى بازار ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى، تەسەۋۋۇر كۈچىنى شۇنداقلا بىلىمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇڭا ھازىر بۇ ساھەدە بىر كېچىدىلا مىليونېر بولۇش، بىرەر يىلدا مىلياردېر بولۇپ قېلىش ئادەمنى ھەيران قالدۇرمايدىغان بولۇپ قالدى.

ھازىرقى زاماندا مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا، دۇنيا قارىشىغا ئەپكەلگەن تەسىرى مىسلىسىز چوڭقۇر ۋە ئۇزۇل ـ كېسىلدۇر، بۇنى مەخسۇس بايان قىلىشقا مېنىڭ قۇربىم يار بەرمەيدۇ، چۈنكى، بۇ ئىنتايىن چوڭ تېما، ئازغىنە بىر نەچچە ۋاراق بايان بىلەن بۇ مەسىلىنى يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر مەخسۇس خەۋەر ئىلمى، تاراتقۇ جەمئىيەتشۇناسلىقى، تاراتقۇ ئىلمى... قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەر شەكىللەندى، مانا مۇشۇلار ئەنە شۇ مەدەنىيەت كەسپى ۋە ئۇنىڭ ئىستېمال شەكلىنى تەتقىق قىلىدۇ. مۇشۇنداق مەخسۇس پەنلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا مەزكۇر ساھەنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ھەر قانداق بىر پەن رېئاللىقتا پەيدا بولغان، سەل قارىغىلى بولمايدىغان يېڭى مەسىلە، ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى، ئادەملەر ھەمىشە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشكە، چۈشىنىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بىلىمى بىلەن ئۆز مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئاستا ـ ئاستا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ شۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى تەدرىجىي جۇغلىنىدۇ ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا توغرا ـ خاتاسى ئايرىلىدۇ، مانا مۇشۇ نۇرغۇن قاراشلارنىڭ جۇغلىنىشى ئاستا ـ ئاستا سىستېما ھاسىل قىلىدۇ ۋە مۇشۇ ئاساستا ئاخىرى مەخسۇس مەلۇم بىر تۈردىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم ھادىسىلەر ھەققىدە بىرەر پەننىڭ شەكىللىنىشى ئەنە شۇ ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق دەرىجىسىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان، ئومۇملاشقان، كىشىلەرگە ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىشقا ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

گەرچە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ

تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مەسىلىسى بايامەن ئەسكەرتكەندەك بەكلا چوڭ تېما بولسىمۇ، تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىدىن شەكىللەنگەن بەزى سۇبيېكتىپ تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ باقىمەن، ئەلۋەتتە بۇ مەزكۇر تېما ھەققىدىكى بىر سىستېمىلىق تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى ئەمەس.

**بىرىنچى، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئادەملەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسەتتى.**

دۇنيانى بىلىشكە ئىنتىلىش ئىنسانلاردىكى ئەڭ مۇھىم تۇغما ئىستەكلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. بىزگە ئايانكى، ئادەملەرنىڭ بىلىمى تاشقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلارنى مېڭىدە پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بىلىمنىڭ چىنلىقىنى ئۇچۇرنىڭ مەنبەسى، ئۇچۇرنىڭ چىنلىقى ۋە ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋاستىسى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ئەزايىمىز، ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتۇر، ئەلۋەتتە يۇراش، تۇتۇش قاتارلىقلارمۇ بار. شۇڭا بىزنىڭ بىلىمىمىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئاڭلىغان ـ كۆرگىنىمىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، توغرىلىقى ئۇچۇرنىڭ قايسى مەنبەدىن قانداق ۋاستە بىلەن كەلگەنلىكى ۋە بۇ پارچە ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنى مېڭىدە قانداق باغلاپ سەرەمجانلاشتۇرۇشقا باغلىق بولىدۇ.

ئەمدى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىغا كەلسەك، بۇلار، بىزنىڭ بىلىش ئەزايىمىز بولغان قۇلاق، كۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇقلاپ، بىزگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ـ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى. ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ بىلىشى، ئۇچۇر ئىگىلىشى زامانىنىڭ، ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى، ئەمما ھازىر بىز تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بىۋاستە كۆرەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان بولدۇق. يەنى بىز يەككە مەنبەلىك ئۇچۇر ئىگىلەشتىن، كۆپ مەنبەلىك ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئۆزگەردۇق، بۇنىڭ ياردىمىدە ئادەملەر بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ يېقىندىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، ئوخشىمىغان دىن، مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەر ئەمدى تىل ئۆتكەللىرىدىن ئۆتسىلا، بىۋاستە دىيالوگ قىلىشالايدىغان، ھەر خىل زىددىيەتلىك قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلالايدىغان بولدى.

ھەتتا ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىمىزمۇ مىسلىسىز ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى، ھازىر بىر ئادەم خالىسىلا چەكسىز بىلىم دېڭىزى ئۈنىڭغا كەڭرى قۇچاق ئاچىدۇ، مانا سىز ئۆيىڭىزدىن چىقماي، تورغا چىقىپ ستانفورد، خارۋارد، ئوكسفورد، كامبرىدجلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلىيالايسىز، ئۆز كەسپىڭىزگە ئالاقىدار ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرالايسىز. مانا بۇنى بىز ھېچبولمىغاندا 15 يىل بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق، مانا ھازىر دۇنيا ئۆيىمىزدىلا تۇرۇپتۇ. بىلىم چېگراسىنىڭ پاچاقلىنىشى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاراش ـ بىلىملىرىمىزنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈۋالىدىغان پۇرسەت بىلەنمۇ تەمىن ئەتتى. بىلىمنىڭ چىنلىقىنى بىلىشتە سېلىشتۇرما تەپەككۇر ئىنتايىن مۇھىم، ۋاھالەنكى سېلىشتۇرۇشنىڭ شەرتى سېلىشتۇرغۇچنى تېپىشتۇر، مانا بۈگۈن بىز ھەر قانداق بىر ئۇقۇم ياكى ھەقىقەت دەپ قارالغان مەلۇم ئىدىيەنى دەرھال ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇستەقىل خۇلاسە چىقىرالايمىز. شۇڭا ھازىرقى كۈندە ئادەملەرگە بىلىم ئىگىلىمەسلىككە ھېچقانداق باھانە، ئۆزرە قالمىدى.

**ئىككىنچى، مەنىۋى تۇرمۇش مەزمۇنىنى بېيىتتى.**

باشتا قەيت قىلىنغاندەك، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى نىشان قىلغان.

ئىلگىرى كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئاساسەن ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق قاندۇراتتى. مەسىلەن، كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى، يەنى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، مانا ھازىر ياپون، ھىندى چۆچەكلىرىنىمۇ ئوقۇيالىدۇق، ھەتتا كارتون، كىنولار ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەك دۇنياسىغىمۇ شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان بولدۇق. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئوغلاق تارتىشىپ، ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىپتىكەن، ئەمدىلىكتە بىز ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق تەنتەربىيەچىلەرنىڭ مەستانىسىگە ئايلاندۇق.

باللار ( ھەتتا چوڭلار ) ئۈچۈن ئىشلەنگەن كومپيۇتېر ئويۇنلىرىمۇ ئىلگىرى تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان ئىشلار بولسا، مانا ھازىر چوڭ شەھەرلەردىكى دوختۇرخانىلاردا مەخسۇس « تور يىغىندى كېسەللىكى»ئامبۇلاتورىيەلىرى ئېچىلدى. خەلقىمىز مەشرەپ، مۇقام، خەلق ناخشىلىرى ئارقىلىق كۆڭۈل ئاچقان بولسا، مانا ھازىر ئارد-

مىزدىن ئەرەب، ئىنگلىز، ھىندى، ئىسپان، ياپون، كورېيەچە ... ناخشىلارنىڭ مەستانىلىرى كۆپلەپ پەيدا بولدى.

ھازىر تىل ئۆگىنىشتىنلا زېرىكمىسەك، ئىشقىلىپ جاھاندىكى چوڭراق تىلدىكى ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردىن ئۆيىدىن چىقماي ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنالايمىز.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان مەھسۇلاتلار ۋە ئۇسۇللار تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيىگە يەتتى.

**ئۈچىنچى، يەرلىك مەدەنىيەتلەرگە خىرىس پەيدا قىلدى.**

بۇمۇ بىز ئوڭايلا كۆرەلەيدىغان پاكىتلارنىڭ بىرى، ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان، باشقىلارغا تونۇتىدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى تولىمۇ ئاز بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ۋاكۇئۇمغا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى شىركەتلەر ئىشلىگەن مەھسۇلاتلار ئېقىپ كىردى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك مەدەنىيەت ئاھالىسىدە ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇش، ئۇنىڭدىن ياتلىشىش ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

مانا بۇ مەسىلىنىڭ كۆرۈنۈشى، ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبلىرى يەنىلا يەككە ئەمەس، شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان غايەت زور كۆلەم، مىقداردىكى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىشى يەرلىك مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى ئاجىزلىشىشىنى كۈچەيتىۋەتكەن بىرلا تاشقى سەۋەب، خالاس. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا مەدەنىيەت ئىگىسى بولغان مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ۋە باشقا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئامىللارغا چېتىلىدىغان كۆپ قاتلاملىق سەۋەبلەر بولۇشى مۇقەررەردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىركەتلەر مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى سۈپىتى، رەڭگارەڭلىكى، جەلپكارلىقى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا بۇسۇپ كىردى ۋە بۇ مەھسۇلاتلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تاللىشى، ئىستېمال ئادىتى، ھەتتا دۇنيا قارىشىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق يۆنىلىشكە يېتەكلىمەكتە.

## خاتىمە

ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكا كارخانا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى مەرى ۋېلدىنبوم ( Moree Welden boum) مۇنداق دەيدۇ: «تەشكىللەنگەن سودا پائالىيىتى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ ھازىرقى زامانىۋى جەمئىيىتىمىزمۇ بولمىغان بولاتتى.»

(«شىركەتنىڭ قۇدرىتى» 1 ـ قىسىم)

ئەنگلىيە «ئىقتىسادشۇناس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئادرىيان مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنداق قارايمەنكى، شىركەت دۇنيا تارىخىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن ئورگانلارنىڭ بىرى، نۇرغۇن پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر، مۇتەپەككۇرلار پارتىيە، دۆلەت ياكى دىنىنى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دېيىشكەن، ئەمما مېنىڭچە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە بەرپا قىلغۇچى بولسا پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىدۇر.»

(يۇقىرىقى مەنبە)

«شىركەتلەر ئامېرىكىنى ياراتقان دېيىش سەل مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئومۇمىي كۈچى ئامېرىكىدىكى بەش مىليون بەش يۈزمىڭ شىركەت ئۈستىگە قۇرۇلغان.»

(يۇقىرىقى مەنبە)

نوبېل ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن روبېرت موندال (Robert Mondole) مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، كارخانىچىلار ئاز دېگەندىمۇ سىياسىي داھىيلار بىلەن ئوخشاش مۇھىم، ئەنە شۇ بۈيۈك كارخانىچىلار ياۋروپانى كۈچلۈك قىلغاندى.» (يۇقىرىقى مەنبە)

نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مايكىل سپېنسېر (Michael spencer) مۇنداق دەيدۇ: «بىز تېخى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان بىر ئورگان تاپالمىدۇق.»

(يۇقىرىقى مەنبە)

توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق پروفېسسورى يىتىڭ يۈەنجۇڭ (伊藤元重) مۇنداق دەيدۇ: «ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش مۇساپىسىدە شىركەتنىڭ رولى بارغانسېرى مۇھىملاشماقتا، كۆپ كۈچلۈك شىركەتلىرى بولۇش ـ بولماسلىق بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمە-

www.uyghurkitap.com

لي كۆچىگە چېتىلىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.»

(يۇقىرىقى مەنبە)

توغرا، مانا بۇلار شىركەتنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى ئورنى، مۇھىملىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆزلەر، ھەممىسى شىركەتنىڭ ھازىر بىزنىڭ رېئاللىقىمىزدا ئوينايدىغان تەڭداشسىز رولى، ئىگە بولغان غايەت زور قۇدرىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ھازىرمۇ بىز دۇنيادىن ئۆزى قۇدرەتلىك، ئەمما شىركەتلىرى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنى تاپالمايمىز.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا تولىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن، شىركەتكە نەزەر سېلىشىمىز لازىم. خۇددى باشقا نۇرغۇن كەشپىياتلاردەك شىركەتمۇ ئوخشاشلا قوش ياقلىملىقتا ئىگە، ئەنە شۇنداق تەسىرى، پايدىسى بولۇش بىلەن بىرگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئەپكېلىدىغان ئاپىتىمۇ تەڭ بار. تارىختا شەرقىي ھىندىستان شىركىتىدەك بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلىۋالغان شىركەتلەرمۇ ئۆتتى، سەنلۇ شىركىتىدەك سۈت پاراشوكىغا زەھەر ( مېلامىن — ئۆي زىننەتلەش ماتېرىيالى ياساشقا ئىشلىتىدىغان ماددا ) قوشۇپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان شىركەتلەرمۇ چىقتى، دورا شىركەتلىرىنىڭ ساختا دورا ياساش سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلۈشدەك ۋەقەلەرمۇ چىقتى. ھەتتا ئەنە شۇ شىركەتلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقىدەك مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇل مۇئامىلە كرىزىسىمۇ پارتلىدى. ھازىر يەنە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار، مۇتەخەسسىسلەر دەرىجىدىن تاشقىرى شىركەتلەرنىڭ كۈچىنىڭ ھەددىدىن زىيادە زورىيىپ كېتىپ ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەتنىڭ ئورنىنى ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. مورگان 1907 ـ يىلىدىكى ئامېرىكىدا پارتلىغان ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بەرگەندە، ئامېرىكا بىلىم ساھەسىدە شۇنداق ئەندىشىلەر بولغانىدى، ئۇلار بىر شەخسنىڭ مۇنداق قۇدرەتلىك بولۇپ كېتىشى دېموكراتىيە تۈزۈمىمىزگە تەھدىت دەپ قارىغانىدى، كېيىن دېگەندەك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ موركان ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتنى بىر نەچچىگە پارچىلىۋەتتى. جون روكفېللېرمۇ مۇشۇنداق تەقدىرگە دۇچار بولدى. ئۇنىڭ نېفت شىركىتىمۇ بىر نەچچىگە بۆلۈۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بىر شىركەتنىڭ مەلۇم ساھەدە مۇتلەق مونوپوللۇققا ئۆتۈۋېلىشى بازاردىكى ئەركىن رىقابەتنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتاتتى.

خوش، مەيلى شىركەتلەر ئىنسانلارغا ئەنە شۇنداق غايەت زور بايلىق ياراتسۇن ياكى ئۇلارغا تەھدىت، ۋەھىمە پەيدا قىلسۇن، ئۇ ھازىر ئاللىقاچان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ، سىزنىڭ، مېنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. ماشىنىدا قاتناش ھادىسىسى بولۇپ قالدىغانلىقى ئۈچۈن بىز ماشىنا ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلمايمىز، دوختۇرخانىدا داۋالاش سەۋەنلىكى بىلەن بىر ئادەم ئۆلۈپ قالسا، دوختۇرخانا يوقالسۇن دەپ شوئار توۋلاشنىڭ ئورنى يوق. خۇددى شۇنىڭدەك، شىركەتمۇ شۇنداق. مەيلى كىشىلەر خالىسۇن، خالىمىسۇن شىركەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. بىزنىڭ تاللىشىمىز پەقەت بۇ بار مەۋجۇتلۇقتىن قانداق قىلىپ ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىمىزگە پايدىلىق قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت. شىركەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە خۇددى نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى ساھىبى جوسىف ستىگلىتىز (Joseph Stiglitz) ئېيتقاندەك: «مەسىلە بىزنىڭ شىركەتكە موھتاج ياكى ئەمەسلىكىمىزدە ئەمەس، بەلكى شىركەتنى قانداق قانۇن رامكىسىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىدا» بولۇشى ئاقىلانىلىق.

شىركەت تېمىسى بەكلا چوڭ تېما، ئەمما نۆۋەتتە سەل قارالسا بىزگە چوقۇم زىيان ئەپكېلىدىغان تېما، مېنىڭچە كارخانىچىلارنىڭ شىركەتنىڭ قۇدرىتى، تەسىر كۈچى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆزى قۇرغان، باشقۇرۇۋاتقان شىركەتنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، بىر كارخانىچى بولۇشنىڭ زادى نېمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىگە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلەيدۇ. قىلغان ئىشىمىزنى بىلىپ قىلىش، ئۆگىنىپ قىلىش مۇقەررەركى بىزگە غايەت زور نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ ماقالىدە پەقەت شىركەت ئىگە بولىدىغان كۈچ ـ تەسىر ھەققىدىلا توختالدىم، شىركەت ھەققىدە دېيىلىشكە تېگىشلىك گەپلەر بەك جىق، مەن مۇشۇ ساھەدىكى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ شىركەت تېمىسىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشىنى، كارخانىچىلىرىمىزغا، شىركەت قۇرماقچى بولغانلارغا ئىلمىي يول كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئاپتور: شىنجاڭ بىلىكان ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا شىركىتىدىن.



ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

# ھاراق (4)

(ھېكايە)

ھاۋا گۈلدۈرلەپ، كۈچلۈك چاقماق چېقىپ، بىردىنلا يامغۇر خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك يېغىۋەتتى، دەسلەپتە جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، بوران چىققان ئىدى، مانا ئەمدى بوران توختاپ، ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. دوستىمىزنىڭ ئۆلۈمىگە تەبىئەتمۇ قايغۇرۇپ، ماتەم تۇتۇۋاتامدۇ - نېمە؟

تۇرۇپلا ئۆلۈم ۋەھىمىسى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى، خۇددى مەنمۇ مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغاندەك، زومچەك - زومچەك قەبرىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ھېچ ئىش خۇشياقمايدىغان، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. مانا بىر يىل ئىچىدە ساۋاقدىشىمدىن ئۈچى ئارقا - ئارقىدىن كېتىپ قالدى. ئەمدى خۇددى ئۆچىرەت ماڭا كېلىپ قالغاندەك، غەم بۇلۇتلىرى قەلب ئاسمىنىمنى قاپلىغان ئىدى. توۋا، ئادەمنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقىمۇ، ئۇ راستىنلا قايناۋاتقان قازاننىڭ تۈۋىقىنى كۆتۈرگەندە چىققان ھوردەكمۇ ياكى «پېشانىسى» گە شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ؟

تېخى قايسى كۈنىلا قاسىمنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كىرگەن ئىدۇق، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئەزرائىلنىڭ مۇشۇنداق چاقچىقىدىن خالىي بولمىسا كېرەك، سۇزۇلۇپ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېلى ئوبدان بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنگەن، مانا تۇيۇقسىزلا ...

ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئىدىغۇ، كونىلار ئېيتقاندەك ئۇنىڭ يەيدىغان «رىزقى» راستىنلا تۈگەپ كەتكەن بولغىيمىتى؟

**ھاراق بىلەن دوستلاشتىڭ، ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ**

قاسىم ساۋاقدىشىملا بولۇپ قالماي، ناھايىتى يېقىن دوستۇم ئىدى، ئۇ ئورمان قوغدىغۇچى بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ باغرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىپايان توغراقلىقلار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، چاتقاللىقلارنى قوغدىغان ھەم ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى قالدۇرغان، ئەپسۇسكى ئۇ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ، ئەجەل ئوقى بەتلەنگەندە ئۆزىنى قوغداشقا ئامالسىز قالدى. جان دېگەن شۇنچىلىك ئاجىزمۇ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىش شۇنچە ئاددىيمۇ؟ بىر قانچە كۈنگىچە خامۇشلا يۈردۈم، ئولتۇرسام قوپسام كۆز ئالدىمدا قاسىمنىڭ سىماسى، خىلمۇخىل خىياللا مېڭەمدە توختىماي كېزىدۇ. موخوركامنى بۇرۇنقىدىنمۇ يوغان ئوراپ چېكىدىغان بولۇپ قالدىم، رەھمەتلىك دادام بۇرۇن موخوركىنى ئەنە شۇنداق چېكىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك قېقىلىپ يۆتەلگەندە، دادام نېمە قىلاتتى موخوركا چېكىپ جاننى قىيناپ، يۆتەلدۈرمەيدىغان پاپىروس چەكسە بولمامدىغاندۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، مانا ئەمدى مەن شۇنداق چېكىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىن قادىر موخوركىچىنىڭ موخوركىسىنى چەكمىسەم خۇمارىم قانمايتتى، ئادەم ھەر نەرسىگە كۆنۈپ كېتىدىغان گەپكەن، ئايالىممۇ ئاچچىق موخوركا ئىسىدىن قاقشاپ بېقىپ ئاخىرى كۆندى، يېقىن دوستۇمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتسام چەكمەي تۇرالايمەنمۇ؟

كېتىۋاتىمەن، بۇرۇن مېڭىپ باقمىغان بىر يول بىلەن بىر چەكسىزلىككە قاراپ يول ئالغان ئىدىم. بىپايان توغراقلىق، ئاسمىندا قۇشلار مەن نەگە ماڭسام باش ئۈستۈمدە ماڭا ئەگىشىپ شۇ ياققا ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ. قولۇمدا مىلتىق، مەن چوقۇم بۇ ئورمانلارنى ياخشى قوغدىشىم كېرەك، قۇياشنىڭ تالا - تالا نۇرلىرى ئاشۇ توغراقلار ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنى قىزدۇرماقتا، ئالدىمغا قاراپ شۇنداق تېز

ماگسامۇ ھېچبىر يول ئاينىيدىغاندەك ئەمەس، دوستۇم قاسىم بۇ يوللارنى قانداق مېڭىپ بولغان بولغىيتتى؟ ئۇ مۇشۇ توغراقلارنى قوغداش ئۈچۈن، مۇشۇ جاڭگالدا ياشىغان، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، يېشىللىقنى قوغدىغان، ئۆزىنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى ئەسىرلەر بويى سۈكۈنات ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ قۇملۇقتا قالدۇرغان ئىدى. ئەمما مەن بۇ توغراقلارنى قوغداش ئەمەس، ئۆشنەمدىكى مىلتىقنىمۇ كۆتۈرۈپ مېڭىپ بولالماي ھاسىراپ قالغان ئىدىم. مانا ئالدىمدىن تۇيۇقسىز يولۋاسمۇ، بۆرىمۇ ئىشقىلىپ مەن كۆرۈپ باقمىغان بىر يىرتقۇچ ھايۋان ئېتىلىپ چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چېقىر، بېشىدا تۈكى قالمىغان، يۈزلىرى قاپقارا، ھىڭگاڭ چىشلىرى ئادەمدە قورقۇنچ پەيدا قىلاتتى... توۋا، قانداق ھايۋان بۇ، مېنى يەپ كېتەمدۇ نېمە؟ ئۇ ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. مېنى بىردىنلا قورقۇنۇچ باستى، جىددىيلىشىپ، مىلتىقىم بىلەن بۇ يىرتقۇچنى ئاتماقچى بولدۇم، ئەمما ھەر قانچە قىلىپمۇ مىلتىقنىڭ تاسمىسىنى تاپالمىدىم، ئۇنى ئۆشنەمدىن ئالماقچى بولاتتىم، تىت ـ تىتلىق ئىچىدە قوللىرىمنى ھەر تەرەپكە سوزاتتىم، مانا ئاخىرى مىلتىقنىڭ تاسمىسىنى تاپتىم، شۇنداق كۈچەپ تارتىپتىمەن، مىلتىق ھېچ چىقمىغاندەك ئەمەس.

— ۋايجان! نېمە قىلىۋاتىسىز ئادەمنىڭ چېچىنى تارتىپ؟! بەك ئاغرىتىۋەتتىڭىز! — ئايالىمنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم، كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزۈمنىڭ ئۆيى، بۇ قانداق چۈش ئەمدى.

— خاپا بولماڭلا خوتۇن، چۈش كۆرۈپتىمەن، شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەنكەن، مىلتىقنىڭ تاسمىسىنى تاپالماي... ئەستا، قارا باسقان چېغى، سىلىنىڭ چېچىڭلىنى تارتىپ ساپتىمەن ـ دە!

— قالايمىقان خىيالنى تولا قىلىپ، قارا باسقان ئوخشايدۇ، ئەلھەمدۇنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇۋېتىپ يېتىڭ، — ئۇ شۇنداق دەپلا، ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئويغىنىپلا كەتسەم ئۇخلىيالمايدىغان ئادىتىم بار. يېرىم كېچە ھەر قانچە قىلسامۇ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەن دېسە، ئاغىنىمىزنىڭ روھى مېنى يېنىغا تارتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇ دۇنيادا زېرىكىپ قالغان بولسا، مېنى ئەسلەپ قالدىمىكىن؟ ئۇ ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ قوياتتى، مەن نەسىھەت قىلسام، ئادەمنىڭ كۆڭلى نېمىدە خۇش بولسا شۇنى قىلىش كېرەك، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا بىر كۈن بولسىمۇ كۈلۈپ ياشىغۇلۇق، دەيتتى، ناھىيە بازىرىغا كەلسىلا بىر نەچچەيلەننى بىر يەرگە يىغىپ، تاپقان گېپىنى قىلىپ بېرەتتى، ئاغزىغا بىرلا ھاراق تەگدىمۇ تا خۇدىنى يوقاتقۇدەك ئىچمىسە بولدى قىلمايتتى، سورۇندا «ئېزىتقۇ» لار بولمىسا زادىلا ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى. ھەي، بولىدىغان ئاغىنىمىز ئىدى.

ئۇيقۇم كەلمىگەنچە، قاسىمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىشلىرى، قىزىقچىلىقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى تېخىمۇ ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. بىر قانچەيلەن ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئۆتەتتۇق، ھەمىشە بىرەرىمىزگە تاسادىپىي قازايى ـ قەدىر يېتىپ قالسا، قالغانلىرىمىز شۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرىمىز دېيىشەتتۇق. بۇنداق چاغلاردا قاسىم شۈكلەپ كېتەتتى، نېمىدۇر ئېسىگە كەچكەندەك چوڭقۇر غەمگە چۆكۈپ كېتەتتى. «ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىشماي، قىزىق گەپلەرنى دېيىشىپ ئولتۇرمايلىمۇ» دەپ، بىر دەمدە بىر نەچچە يۇمۇرنى سۆزلەپ، ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ بىزدىن بۇرۇن كېتىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز.

ئايالىمنىڭ ئادەتتە ئۇيقۇسى ياخشى، بېشىنى قويسىلا ئۇخلاۋېرىدۇ. مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمىگەنچە ھايال بولمايلا ئايالىمنىڭ گويا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاڭلىنىدىغان خورىكى باشلاندى. قانداق قىلاي بۇ خوتۇننىڭ خورىكىنى، ئويغىتىۋېتەيمۇ؟ خوتۇن كىشى بۇنداق خورەك تارتسا ئۆيدە خوتۇن كىشى ئەمەس، ئەركىشى باردەك تۇيۇلىدىكەن ئادەمگە! شۇ تاپتا ئاچچىق موخوركامدىن بىر سىقىم ئېلىپ بۇرنىغىلا تۇتسامغۇ ئىككىنچىلەپ خورەك تارتمايدىغان بولىدۇ بۇ خورەكچى خوتۇن، لېكىن، ئالىمادىس ئۆپكىسىگە كېتىپ ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرسىچۇ؟ بولدىلا، خورەك چىقىۋاتقان بۇرنىدىنلا تۇتاي.

— ئاھاي، نېمە قىلىۋاتىسىز ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي! — ئايالىم مېنىڭ بۇرنىنى قىسىشىمدىن نەپەس ئالالماي ئويغىنىپ خاپا بولغان ھالدا دېدى، — بىردەم چېچىمنى تارتىسىز، بىردەم بۇرنۇمنى، نېمانداق قىلىسىز؟

— بەك خورەك تارتىپ كەتتىڭلا خوتۇن، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، شۇڭا ئويغىتىپ قويدۇم.

— كىم خورەك تارتىپتۇ، مەن ئەزەلدىن خورەك تارتمايمەن! — ئۇ ئۇيقۇلۇق ئىچىدە شۇنداق دەپ جىمىپ قالدى. ھەر قېتىم خورەك تارتىپ كەتكەندە ئۇنى ئويغىتىپ قويسام، ئۇ ئاشۇنداق دەپ، ئۆزىنىڭ خورەك تارتقىنىنى زادىلا ئېتىراپ

قىلمايتتى. خەپ بىر كۈنى ئۇنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىپ ئۆزىگە قويۇپ بەرمەيدىغان بولسام! مەن خوتۇنىنىڭ قايتا باشلىغان خورەك ئاۋازى ئىچىدە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ قاچانلاردىدۇر ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەنە، ئۆشنەمدە مىلتىق، قاسىم ئاغىنەم بىلەن بىپايان ئورمانزارلىقتا قوياشنىڭ ئالتۇن رەڭلىك تالا - تالا نۇرلىرى ئىچىدە قاتارلىشىپ كېتىۋاتىمىز. ئۇ بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئورمانلارنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، تۇرۇپ ماڭا چاقچاق قىلىپمۇ قوياتتى. ئەنە شۇنداق كېتىۋاتساق، ئالدىمىزغا ئېيىقمۇ، يولۋاسمۇ ئېتىلىپ بىر ھايۋان ئۇچراپ قالدى، بۇ چىرايى قارامتۇل، بېشىدا تۈكى يوق ھايۋان ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى ئورمانلارنى غاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، بىزگە خىرىس قىلغىنىچە كەلمەكتە.

— ئاتايلى بۇ غالجىرنى، — قاسىم قولۇمدىكى مىلتىققا قولىنى ئۇزارتتى.

— مەن ساڭا قارىغاندا مەرگەنرەك، مەن ئاتاي!

— بۇ ئورمانلار مېنىڭ، مەن ئۆزۈم ئېتىۋېتەي بۇ مەخلۇقنى!

— مەن ئاتاي!

— مەن ئاتاي!

— ۋايجان، يەنە نېمە دەپ چېچىمنى تارتىسىز؟!— ئويغانسام قولۇم ئايالىمنىڭ چېچىدا.

— ئەستا مۇشۇ چۈش دېگەن.

— شۇنداقلا دەيدىكەنسىز، ساراڭ بولدىڭىزمۇ نېمە؟ — ئايالىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، يەنە بىر مۇنچە غودۇڭشىدى. بۇ چاغدا تاڭمۇ يورۇشقا باشلىغان بولۇپ، دېرىزىدىن چۈشكەن غۇۋا نۇر ماڭا يەنە چۈشۈمدىكى بىپايان ئورمانلارنى ئەسلەتمەكتە ئىدى. ئۆزۈمچە بىر ھازا خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاغىنىمىز بەك ياخشى ئورمان قوغدىغۇچى ئىدى، ئەمما ھاراق ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، مەرھۇم تىرىكلىكىدە ھاراقسىز بىر كۈنىمۇ ئۆتكۈزمىگەن، ئۇ ھەر قانداق نەرسىدىن كەچسە كېچەتتىكى، ھاراقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى.

※ ※

يان تېلېفونۇم تۇيۇقسىزلا سايرىدى. ئايالىم بولسا تومشۇقلىرىنى ئۇچلاپ:

— كەچ بولغاندا يەنە ۋەزىپە چىقتى - ھە؟ — دېدى ۋە قوشۇپ قويدى، — ئېچىرقاپ كەتكەن جىنلىرىڭىزدىن كەلگەندۇ تايىنلىق.

مەن ئۇنىڭ ئارتۇقچە گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي، تېلېفوننى ئالدىم.

— ۋەي، ھە مەن ئۆيدە، بولىدۇ، ھازىرلا باراي!— مەن گېپىمنى تۈگىتىپلا مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم.

— دوستۇم ئەيىدىندىن كەپتۇ، سۇبھى رېستورانىغا كەلسەڭ دەيدۇ.

— قاسىم دېگەن ئاغىنەڭلارنى تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆمۈپ قويدۇڭلار، يەنە نېمە رېستوران - ئۇ! بىزدە ئادەم ئۆلسە ھاراق ئىچىپ ياپرايدىغان ئادەت يوق جۇمۇ.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلە، كىم ھاراق ئىچىمىز دەپتۇ؟ ئاغىنىمىز قاسىمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە ناھايىتىمۇ يىراقتىن ئەل - ئاغىنىلەر كەپتۇ، ئەيىدىن ئۇلارنىڭ شەرىپىگە داستىخان سالماقچىكەن، ھەر قانچە بولسىمۇ ھاراق ئىچىپ يۈرمەسمىز، بارمىسام سەت تۇرىدۇ، يۈزىنى قىلمىسام ئەيىدىنمۇ مەندىن رەنجىيدۇ.

— ۋاقتىدا كەلدىڭ ئاداش، كېلە تۆرگە ئۆت،— مەن رېستوراننىڭ ياسداق ئايرىمخانىسىغا كىرىشىمگە ئەيىدىن مېنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، مېھمانلارنى ماڭا تونۇشتۇردى:

— بۇياق ئۇزۇن يوللارنى ھارماي - ئاچىماي بېسىپ، دوستىمىز قاسىمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن دوستلارنىڭ ئاقساقىلى يولۋاس بولىدۇ، ئىلگىرى سەنئەت ئۆمەككە باشلىق بولغان، ھازىر خىزمەتنى تاشلاپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ياغاچ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، قالغان ئىككىيلەنمۇ يولۋاس بىلەن بىرگە كەلگەن دوستلىرىمىز ... — ئەيىدىن ئارقىدىنلا مېنى مېھمانلارغا تونۇشتۇردى، — بۇياق يېقىن دوستىمىز سابىر بولىدۇ، ئۆزى دېھقان تىجارەتچى، ئەمما بۇ دوستىمىز قۇرۇق مېۋە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ...

تونۇشتۇرۇشلار قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى. مەن يولۋاسنىڭ ئىككى ھەمراھىنى ئېلىپ، شۇنچە يىراقتىن مەخسۇس قاسىمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگىنىگە ئىچىمدە تەشەككۈر ئېيتماقتا ئىدىم. قاسىم بىلەن شۇنچە يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتۈپمۇ تا ھازىرغىچە مۇنۇ ئاغىنىسى بىلەن ئەسلا بولمىغان ئىكەنمەن. قۇملۇق ئاتلاپ تۆت - بەش يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ، دوستىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە ئالايىتەن كېلىش ئوڭاي

ئىش ئەمەس، مانا مۇشۇنداق ئادەملەر ھەقىقىي دوستلۇققا يارايدۇ!

— ئۇنداق بولسا مۇنۇ قورۇملاردىن بەھۇزۇر ئېلىپ ئولتۇرساق، — ئەيىندىن ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېھمانلار شۇنچە يىراقتىن كەلدى، قائىدىمىزگە توغرا كەلمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ بىرەر قېتىم ئادىتىمىزگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويساق يامان بولماس، — ئۇ سەل دېلىغۇل بولغاندەك دېدى، — بىزدىغۇ «سوراپ بەرگۈچە، ئۇرۇپ بەر» دەيدىغان گەپ بار، بىرەر رومكىدىن ئۇتلاپ قويامسىلە؟

«ھەي ئەيىندىن ئېزىپ كەتتىڭ، بىلىمەن، رەسمىيەت يۈزىسىدىن مۇنداقلا دېدىڭ، ئەمما... باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئالدىدا خاتا سۆزلەپ قويدۇڭ، ئاغىنىمىز تۈگەپ كەتكىنىگە بىر قانچە كۈن بولا ـ بولماي تۇرۇپلا تەنتەنە قىلغاندەك ھاراق ئىچىشنى تىلغا ئالساڭ، بۇلار نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ بمەيدىغان گەپتىن بىرنى قىلىپ قويدۇڭ، يامان نامىمىز باشقا رتلارغا تارايدىغان بولدى...»

مەن ھەيرانلىق، تەشۋىش ئىچىدە ئەنە شۇ ئويلار بىلەن ئولتۇراتتىم، ئويلىمىغان يەردىن يولۋاسنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بىردىنلا ئۇنىڭغا بولغان قەلبىمدىكى ھۆرمەت خۇددى بوراندا قالغان توزغاقتەك ئاللىقاياقلارغا توزۇپ كەتتى.

— مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش كېلىدۇ، ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمىز، بىرەر ـ ئىككى رومكا ئويناپ قويساق قويدۇق، — يولۋاسنىڭ سۆزلىرىنى قالغان ئىككى دوستىمۇ باش لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى.

— مېھمانلار شۇنچە يىراقتىن كەلگەندىكىن ھەر قانداق تەلەپ بولسا ئورۇنلىساق بولاتتى، ئەمما مېنىڭچە بۈگۈن ھاراق ئىچىش تازا مۇۋاپىق بولماسمىكىن دەيمەن، ئىچىپ مۇڭدىشىدىغانغا يەنە پۇرسەت چىقىدۇ ئەمەسمۇ، — مەن ئامالسىز مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بولۇپمۇ مۇشۇنداق چاغدا ھاراق ئىچىشنى مەن زادىلا قوبۇل قىلالمايتتىم.

— سابىر ئاداش، بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىمىسەك بولمايدۇ، — ئەيىندىن ماڭا «شوك ئولتۇر» دېگەندەك ئىشارە قىلدى. ئۇزايدىن ئۇمۇ ھاراق ئىچىدىغان گەپنى ئالدىراپ دەپ سالغىنىدىن پۇشايمان قىلىپ قالغاندەك ئىدى. ئاڭغىچە مۇلازىم ھاراقنى ئەكىرىپ بولغان بولدى.

— دوستلىرىمىز ئۇزۇن يولنى بېسىپ، يۇرتىمىزغا مېھمان بولۇپ كەلدى، مېھمانلارغا ھەر قاچان قولىمىز كۆكسىمىزدە، ھاراق ئىچمەيلى دېسەكمۇ يەنە شۇ دوستلۇق كۆڭلى غالىب كەلدى. بىر تەرەپتىن ئىچكەچ، بىر تەرەپتىن ھال ـ مۇڭ بولۇشساق، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن كەتكىلى بولمايدىكەن، قېنى تۇنجى رومكىنى ھۆرمەتلىك مېھمىنىمىز يولۋاسقا تۇتاي ...

ئەيىندىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىمۇ، يولۋاسنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. چوڭقۇر بىر خىيال قەلب ئاسمىنىمدا توختاۋسىز داۋالغۇپ، ئاچچىق بىر ئەلەم ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان ئىدى. تەگسىز خىيال ئىچىدە ئۆزۈمگە خىلمۇ ـ خىل سوئاللارنى قوياتتىم. بىز ھازىر ھېچنېمىنى ئويلىمىغان بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتاتتۇق.

— كېلىڭلا مەن سىز بىلەن بىرنى سوقاي، — يولۋاسنىڭ ئاۋازىدىن ئېسىمگە كېلىپ، بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئۇ لىق ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپتۇ، قارامتۇل يۈزلىرى ئېپادىسىز، كۆزلىرى خۇمارلاشقان، گەپ قىلغاندا ھىڭگاڭ چىشلىرى كالاچتەك ئېغىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — قارىسام غەمگە چۆكۈپلا ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز، سودىڭىزنىڭ پايدىسى ھەققىدە خىيال قىلىپ ئولتۇرۇۋاتامسىز ـ يا؟

بۇ گەپتىن قالغانلار مەززىسىز ھىجايدى.

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيمەن، — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم.

— پاھ بولىدىكەنسىز جۇمۇ، — يولۋاسنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، چېقىر كۆزلىرىدىن بىر خىل تەكەببۇر نۇرلىرى چېقىندىدى، — بىزنىڭ يۇرتلارغا بېرىپ بېقىڭە، ھاراق ئىچىشتىكى مول مەدەنىيەتنى، مېھمان كۈتۈشتىكى ئۆزگىچىلىكنى كۆرىسىز، مېھمان دېگەننى ھاراق ـ شاراب، ئۇسسۇل ـ پۇسۇل، قىز ـ پىز دېگەنگە كۆمۈۋېتىمىز، نەدىمۇ بۇنداق مېھمانغا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇۋالىدىغان ئىش بار؟ ھەي... قاسىم ئاغىنىمىز بولغان بولسا بۇنداقمۇ ئولتۇرۇپ قالمايتتۇق، ئاغىنىمىزنىڭ شۇ يەرلىرىنى دەيمىز ـ دە، ماڭا جىق مەنپەئەت يەتكۈزگەن، ئېسىل ئاداشتى، شۇڭا يولنى يىراق كۆرمەي ئۆلۈمگە كەلدۇق، قاسىم دوستىمىزغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت كۈچىدە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇۋېتىمىز، بۇمۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايغۇمىز. ئەسلىي

سىز ماڭا تۇتۇشقا تېگىشلىك ھاراقتى — بۇ، ئەمما دوستلۇق مېھرى غالىب كېلىپ ھاراقنى مەن سىزگە تۇتتۇم، يۈزۈمنى قىلىپ مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى ئېلىڭ، ئەگەر ھاراق بىقمىڭىزنى تېشىپ چىقسا دوختۇرغا ئۆزۈم ھاپاش قىلىپ ئاپىراي، جاننى ھەر قانچە ئايىغىنىڭىز بىلەنمۇ ھامان بىر كۈنى قۇرت يەيدۇ دەيمەن .

— مەن راستىنلا ھاراق ئىچىپ باقمىغان، تەڭلىك قىلمىسىڭىز...

— سابىر دوستىمىز ئادەتتە قىزىل ئوينايدۇ، مانا كەلدى، ئۇنىڭ ھارىقىنى مەن ئىچىۋېتەي، — ئەيىندىن ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كۆرۈپ، بىر دەمدىلا قىزىل ھاراقتىن بىر بوتۇلكا ئەكەلدۈرۈپ بولغانىدى.

— مۇنۇ رومكا قىزىل ھاراققا كىچىكلىك قىلىدۇ، چاي ئىستاكىنى ئەكېلىپ بەرسۇن، — يولۋاس قىزىل ھاراقنى قولىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ كىچىك رومكىدىكى قىزىل ھاراقنى ئىستاكانغا تۆكتى .

— بۇ... بۇ، مەن ... — بۇلدۇقلىتىپ قويۇلغان لىق بىر ئىستاكان قىزىل ھاراققا قاراپ، نېمە قىلارىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. سورۇندا مېنى ئەڭ قىينايدىغىنى مۇشۇنداق ھاراق زورلاش ئىدى. دەسلەپتە ھاراق ئىچمەيدۇ دەپ ئولتۇرغانلارمۇ، مەست بولغانچە ھاراق زورلاپ تۇرۇۋالاتتى.

— ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق، خوشە! — يولۋاس بىر خىل رەنجىش كەيپىياتى ئىچىدە رومكىسىنى قىزىل ھاراق قۇيۇلغان ئىستاكانغا خالا - خالىماس تەگكۈزۈپ قويۇپلا گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. مەن بۇ ئۆمرۈمگە كېلىپ بۇگۈنكىدەك قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ باقمىغان ئىدىم، يولۋاس بولسا بىر نەچچە قېتىم «خوشە!» دەپ بولدى، ھەممىسىنىڭ قايتا - قايتا زورلىشى بىلەن بىر نەچچە توختاپ بىر ئىستاكان قىزىل ھاراقنى نەچچىگە بۆلۈپ ئاران دېگەندە ئىچىپ تۈگەتتىم ، مۇنداقچە ئېيتقاندا چوغنى يۇتتۇم دېسەممۇ بولىدۇ. ئەسلىدە ئورنۇمدىن قوپۇپلا چىقىپ كەتسەم بولاتتى، لېكىن شۇنداق قىلىشنى ھەر قانچە ئويلىساممۇ ئۇنداق قىلالمىدىم .

— ئاچچىق ھاراقنى سەھرانىڭ ئېشىكى زەي سۇ ئىچكەندەك ئىچىپلا ئولتۇرىدىغان گەپمۇ؟ ئۆرە سەي يوقمۇ، ئۆرە سەي ؟! ئاز - تولا ئويتۇرىدا دەسسەپ تەنھەرىكەت قىلمايمىزمۇ ؟! — يولۋاس ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇ «ئۆرە سەي» دېگەندە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇرغان ئىدىم ، كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەندىم.

— ئەستا، بالدۇرلۇقتا ئويلاشماپتۇق، بۇ كەچتە قىزلارنى نەدىن تاپارمىز ئەمدى، — ئەيىندىن سائىتىگە بىر قاراپ قويۇپ، خۇددى قىيىن بىر مەسىلىگە يولۇققاندەك بېشىنى تاتىلىدى.

— ئوغۇل بالا مۇشۇنداق تىرناق تاتىلسا بولامدۇ؟ بىر تەخسە لەڭپۇڭ ئېلىپ بەرسەڭ تاڭ ئاتقۇچە ئوينايدىغان قىزلار بار دەيمەن! ... ھەي ئىست ، قاسىمنىڭ يوقلىقى بىلىندى مانا، — يولۋاس تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. ئۇ قىزىپ تەرلىگەن بولسا كېرەك، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئالدىنىمۇ ئېچىۋەتكەن ئىدى. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك، بېشىدىكى ئالىچىپار شەپكىسىنىمۇ ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ تاقىر باشلىرى مايلاپ قويغاندەك پارقىرايتتى. تۇرۇپلا ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك بولدۇم، ئەمما زادى نەدە كۆرگىنىمنى ئەسكە ئالالمىدىم. تېخى يېقىندىلا بىر يەردە كۆرگەن ئىدىم : بېشىدا تۈكى يوق، چىرايى قارامتۇل، ھىڭگاڭ چىشلىرى ...

— پىستان چاققان مىلتىقتەكلا ئولتۇرۇپ كەتتىڭلىغۇ، قىز تېپىلمىسا سازغۇ تېپىلار ، — يولۋاس ئۇمىدسىزلەنگەندەك باغلىرىنى چايقىغان ھالدا شۇنداق دېدى. يولۋاس مىلتىقنى تىلغا ئالغان ھامان ئېسىمگە كەلدى ، چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى... شۇنداقمۇ ئوخشىشىپ كەتكەن بارمۇ. شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتىم، ئەيىندىن مېنى سىرتقا چىقىشقا شەرەت قىلدى.

— ئاداش، سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، يولۋاس كۆپرەك ئىچىۋالدى، نېمىلا دېگەنبىلەن مېھمان ئەمەسمۇ، سېنىڭ ھامۇت تەمبۇر بىلەن مۇناسىۋىتىڭ يېقىن، غاچچىدە بېرىپ تەمبۇردىن بىرنى كۆتۈرۈپ كەلمەمسەن، قالغىنىنى ئۆزۈم كۆرۈشىۋالىمەن.

شۇ تاپتا مېنىڭ شۇنداق ئۆيگە قايتقۇم كېلىۋاتاتتى، يولۋاسنى دېسەم بۇ سورۇندىن ھازىرلا چىقىپ كەتسەم دەيتتىم، ئەمما ئەيىندىن ...

— بەللى، ئەيىندىن يارايسەن دوستۇم، مۇشۇ بىر تەلەپىمنى بولسىمۇ ئورۇنلاپسەن، ئوغۇل بالا، — مىڭ جاپالىقتا تەمبۇرنى ئېلىپ كەلسەم، يولۋاس ماڭا قاراپمۇ قويماي، باشمالتىقنى چىقىرىپ ئەيىندىننى ماختاپ كەتتى.

— ئەمسە خەپ شۇك، سازنى باشلايمەن، — يولۋاس

www.uyghurkitap.com

تەمبۇرنى ئازراق تەڭشىگەندىن كېيىن ئەلەك ـ سەلەك كۆزلەرى بىلەن ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن، تەمبۇر چېلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا توۋلاشقا باشلىدى :

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
غېرىب يولنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

......

ــ يارايسەن دوستۇم، قوللىرىڭغا دەرد كەلمىسۇن!ــ تەمبۇر توختىشى بىلەن مەندىن باشقا ھەممىسى يولۋاسنى بىر ئېغىزدىن ماختاپ، قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. ئەمما مېنىڭ كۆز ئالدىمغا چۈشۈمدىكى ھېلىقى ھايۋان كېلىۋېلىپ قاتتىق بىئارام بولماقتا ئىدىم، ئەنە ئۇ ئورمانلارنى غاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئېيىقمۇ، يولۋاسمۇ ئىشقىلىپ بىر ھايۋان، چىرايى قارامتۇل، بېشىدا تۈك يوق، چىشلىرى ھېڭگاك ...

ــ يەنە بىر پەدە ئاڭلايلى!ــ ھەممەيلەن ھاياجان ئىچىدە يولۋاسنى يەنە چېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ــ مەن گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي، ھاراق ئىچمىگەن ياكى زەيپانىنىڭ بىرنېمىسىنى ئىچىپ، بىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرىدىغان ئادەملەرگە تەمبۇر چالالمايمەن، ئارىمىزدا ئۇنداقلار بولۇپ قالسا دەرھال ئۆزىنى بىلىپ كەشنى توغرىلىسۇن،ــ يولۋاس ماڭا دارىتمىلاپ دەۋاتاتتى.

ــ كىمگە دەۋاتىسەن ئاداش؟ــ مەنمۇ ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا قىزىل ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ قويغاچقا ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان ئىدىم، يولۋاسنىڭ گېپى نېرۋامغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئەسلىدىمۇ ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغان ئادەم ھەممىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىراقلا پارتلىدىم،ــ ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ؟! سەندە بار كۆڭۈل باشقىلاردىمۇ بار، بىلىپ قوي، گەپ قىلمىسام ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دەيسەن، مېھمانكەن دەپ يول قويسام ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتەڭغا؟! بىلىپ قوي، بىزمۇ قاسىمنىڭ جانجىگەر ئاغىنىلىرى، سەن ئۆلۈم پەتىسگە كەلگەنمۇ ياكى ئويۇن ـ تاماشا قىلغىلىمۇ؟!

ــ ھاي، ھاي سابىر بولدى قىل ئاداش، سەت تۇرىدۇ،ــ ئەينىدىن دەرھال ئارىغا كىردى، ــ مېھمانىنىڭ كۆڭلىنى ئايايلى.

ــ يا بىز كېتىلى، يا ماۋۇ زەيپانى چىقىپ كەتسۇن!ــ يولۋاس ئەمدى ئاغزىنى بۇزۇشقا ئۆتكەن ئىدى .

ــ مېنى زەيپانى دەۋاتامسەن تېخى، بېرىپ خاناڭدىن سوراپ باقە نېمە دەيدىكىن؟ !

ــ نېمە دەيدۇ ماۋۇ ھەجمەت گۆي، ئوتتۇز ئىككى چىشىنى تۆكۈپ، قولاق تۈۋىدە پىۋا قايىنىتىپ، ئاغزىدىن بولاق، ئارقىسىدىن يومبۇلاق چىقىرىمەن ھېلى بىكار ما پەسەندىنىڭ،ــ يولۋاس مۇشتلىرىنى تۈككىنچە ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى.

ــ مېنمۇ ئانام ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، مەنمۇ بوش قويۇۋەتمەيمەن سەن كەلگۈندى ھەزىلەكنى!ــ شۇ تاپتا كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنەر ئەمەس ئىدى، مەنمۇ ئۇنى مېھمانكەن دېمەي سەت گەپلەر بىلەن تىللاشقا باشلىدىم. ھاراق دېگەن مۇشۇنداق يامان نەرسە، ئادەمگە قىلمايدىغان ئىشنى قىلغۇزۇپ، دېمەيدىغان گەپلەرنى دېگۈزىدۇ.

ــ مېنى قويۇۋېتىڭلا، ما گۈينىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپ، ئاندىن بارىدىغان يەرگە بارىمەن!ــ يولۋاس ھەدەپ ئالدىغا دېۋىنەتتى.

ــ ئاداش بولدى قىل، ماۋۇ بىزنىڭ يۇرت، بىر ئېغىز گەپتىن قال دەيمەن سەت تۇرىدۇ،ــ مەن يەنە بىر نېمە دېگۈچە ئەينىدىن مېنى سىرتقا تارتىپ ئېلىپ چىقتى، يولۋاس يەنە نېملەرنىدۇر دەپ تىللاپ قالدى،ــ كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن ئاداش، سەن قايتىپ كەتكىن، يولۋاس ئۇچۇن مەن ناماقۇل بولاي، ساڭا ئايرىم چاي قۇياي، بۈگۈن بىر يۈزۈمنى قىلىپ قويغىن!

ــ مېھمانكەن دېمىسەم قاتتىق بىر تۇتۇشماقچىدىم بۇ ئابدال بىلەن، خەير بۈگۈن سېنىڭ گېپىڭنى ئالاي، ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن ئىككىنچىلەپ مۇنداق ھايۋان بار سورۇنغا مېنى چاقىرمىغىن!ــ مەن گېپىمنى دەپلا تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتىم .

كېتىۋاتىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى قانلار نېرۋامغا تەپتىمۇ، ئىككى چېكەم قاتتىق ئاغرىماقتا، سىرتتىكى سالقىن ھاۋادا بىر ئاز سەگىدىگەندەك بولدۇم، چوڭقۇر نەپەس ئالدىم . ئەتراپنى تۈن پەردىسى ئورىغان، ئاسماندا سانسىز يۇلتۇز ، پۈتۈن كائىنات ئۇيقۇغا كەتكەن، خىيالىمدا بولسا چۈشۈمدىكى ھېلىقى ھايۋان ــ چىرايى قارامتۇل، چېقىر كۆز، بېشىدا تۈك يوق، ئۇ ئالدىدىكى ئورمانلارنى غاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ كەلمەكتە ...

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك سۇپەتلىك ئورۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا.




قوڭغۇز بىلەن دۆ قوشنا ئىدى، بىر كۈنى قوڭغۇز دۆنىڭ باغىقنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

تەكلىپنامە:

ھۆرمەتلىك قوڭغۇز ئەپەندىم، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەكشەنبە توي قىلىمەن، ئۇزاق يىل مۇھەببەتلەشكەن، جىـ ىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان سۆيۈملۈك يارىم بىلەن جەم بو ـ لىدىغان خۇشاللىقىمغا ئورتاقلاشسىكەن دېگەن نىيەت بىلەن سىزنى خانىمىڭىز بىلەن تويىمىزغا تەكلىپ قىلىمىز.

يىگىت

ھۆرمەت بىلەن:

قىز

بۇنداق كاتتا تويغا، يەنە كېلىپ، قوشنىسىنىڭ تويىغا بارمىسا قانداق بولغىنى، قوڭغۇز ئەپەندىم ئەڭ ئېسىل كىـ يىملىرىنى كىيىپ، قالپىقىنى قىرلاپ، گۈزەل خانىمىنى قول ـ تۇقلاپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تويغا باردى.

توي داستىخىنى مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. دۆنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن توقۇلغان تورىغا چۈشكەن جانىۋارلار بەدىنىنىڭ ئەڭ يۇمران ۋە تەملىك بۆ ـ لەكلىرى داستىخاندا جۇلالىنىپ، ئىشتەيىنى چاكىلدىتىۋاتقان ئىدى. چىۋىنىنىڭ بېشى، چېكەتكىنىڭ سان گۆشى، كېپىنەك ـ نىڭ قانىتى، يىڭناغۇچنىڭ قوۋۇرغىسى دەمىسىز بارلىقى ھازىر ئىدى. چۈمۈلىنىڭ قېنىدىن ياسالغان قىپقىزىل ھاراق، پاشىنىڭ تۇخۇمىدىن ئېچىتىلغان يېشىل شارابلار كىرىستال رومكىلاردا كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

## ھايات ۋە بەخت

ئاپپاق شالداما تارتىپ، چېكىسىگە گۈل قىستۇرغان دۆ قىزلار كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرۈپ تويغا كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋاتاتتى.

ئەمما، ئەجەبلىنەرلىكى، توي سورۇنىدا ئادەمنىڭ قەل ـ بىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ناخشا ـ مۇزىكا ياكى تالدەك تولغانغان گۈزەل ئۇسسۇل ئانسامبىلى يوق ئىدى. تويدا قايناق تاشقىنلىق، خۇشال ـ خۇراملىق ئەمەس، بىر خىل مۇ ـ سىبەت، غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالغاندەك كەيپىيات ھۆكۈم سۈ ـ رەتتى. كېلىن بىلەن يىگىت تويىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرى ـ غىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرۇشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇغقان ـ لىرىمۇ ئۇلارغا جور بولۇپ يىغلىشىپ ئولتۇراتتى.

بۇنداق سورۇندىن بىزار بولغان قوڭغۇز ئەپەندىم توي باشقۇرۇۋاتقان چولاق دۆدىن:

— قىز بىلەن يىگىت نېمىشقا يىغلاۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، يىغلاشنى دەمسىز؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەب ـ بەتلىشىپ سۆيۈشكەن، كۆيۈشكەن پەيزى چاغلىرىنىڭ ئەمدى ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن قايغۇرۇپ يىغلىشىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى چولاق دۆ.

— چۈشەنمىدىم ئەپەندىم، بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن راستتىن سۆيۈشكەن بولسا ھەقىقىي بەخت توي قىلغاندىن كېيىن روي بېرىدىغۇ؟ شۇنىڭغىمۇ يىغلاش كېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەجەبلەنگەن قوڭغۇز خانىم.

— خانىم كەچۈرۈڭ، بىز دۆلەر بىر ـ بىرىنى ھەقىقىي سۆيمەي تۇرۇپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمايمىز، بىزدىكى مۇھەببەتنىڭ چېكى يوقتۇر...

— ئەپەندىم، ئۇنداقتا بۇلار نېمىشقا يىغلىشىدۇ؟

ــ مۇھەببەت تېمىسىدا، توي دېگىنىمىز ــ مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىشى، ئائىلە دېگىنىمىز ــ مۇھەببەتنىڭ گۆرىدۇر، ھۆرمەتلىك خانىم ئۇلار شۇڭلاشقا يىغلىشىدۇ، ــ دېدى دۆ.

ــ ھە! بۇ قانداق گەپ ئەپەندىم، مەن ماۋۇ يىگىتىم بىلەن توي قىلىپ بىر ئائىلە قۇرغىلى نەچچە يىل بولدى، بىز شۇنداق بەختلىك قارىغاندا مانا، ــ قوڭغۇز خانىم سۆزىنى تۈگىتىپ ئېرىنى قۇچاقلاپ چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

ــ خاتا دېدىڭىز خانىم، ھېس قىلىش بىلەن ئەمەلىيەت باشقا، باشقا ئىككى ئىش، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھەر قانداق قۇدرەت ئىگىسىمۇ ئۆتەلمىگىدەك ھاڭ بار. سىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك دەپ بىلىسىز، بۇ بىر ھېسسىيات خالاس، ئەمەلىيەتتە سىز ئالللاچان بەختتىن مۇستەسناسىز، مۇھەببەتسىز ياشاۋاتىسىز...

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەپەندىم، بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىز تەل، ھەتتا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمىز، سىز دەڭە، بىزنى قانداقلارچە بەختسىز دەيسىز؟ ــ دېدى قوڭغۇز ئەپەندىم نارازىلىق بىلدۈرۈپ.

ــ قوڭغۇز ئەپەندىم خاتا چۈشىنىپ قالماڭ يەنە، سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى بەختلىك دەپ ھېسابلىشىڭلار ھادىسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكىڭلاردىن كېلىپ چىققان ساختا تۇيغۇ، دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە ساختا كۆرۈنۈشى بولىدۇ، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ساختا شاكالغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سىلەرنى دەل مۇشۇ تەرەپ ئالداۋاتىدۇ، ــ دېدى چولاق دۆ پەلسەپىۋى گەپ سېتىپ.

ــ بىزنى نادان كۆرۈۋاتامسىز، خانىمىم بىلەن ئىككىمىز ئالىي مەكتەپنى تاماملاپ دىپلوم ئالغان بىلىملىك زاتلاردىنمىز.

ــ ياق ـ ياق خاتالاشتىڭىز ئەپەندىم، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم . سىزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقان يەيدىغان تامىقىڭىز بىلەن، مەكتەپ پۈتكۈزگەن دىپلومىڭىز بىلەن بۇنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ھايات مانا شۇنداق رەھىمسىز دىيالېكتىكا ئۈستىگە قۇرۇلغان. جانلىق ۋە جانسىزلار پەيدا بولغاندىن باشلاپ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئالايلۇق، سىز تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ئۆلۈمگە قاراپ سەپەر قىلىسىز، بۇ سەپەر بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالماي داۋاملىشىۋېرىدۇ. ھەتتا بىر دان تۇپراقمۇ سىڭگەندىن باشلاپ يوقىلىشقا قاراپ سەپەر قىلىدۇ، ئۇ باشتا كۆكلەيدۇ، ئەمما ئاخىرىدا يا چىرىيدۇ يا قۇرۇيدۇ. دېمەك، ھاياتلىق ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاخىرلىشىشتىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ھەممە بەختى كېلەچەك، دائىما ھامىلدار بولغانلىقىدا خالاس.

ــ ئۇنداقتا، سىزچە بولغاندا، بىز ئەيتاۋۇر ئۆلىمىز دەپ كۈنبويى ئۆيىمىزدە يىغلاپ ئولتۇرۇشىمىز كېرەك ئىكەندە؟

ــ بۇنداق قىلغانلىق ھەقىقىي بەختسىزلىك، ھەقىقىي نادانلىقتۇر دېدى، ــ قوڭغۇز ئەپەندىم ئاچچىقلىنىپ.

ــ راست دەۋاتىسىز، ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش بەختسىزلىكتۇر، بىراق نادانلىق ئەمەس. ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەسلىك، ئۆزىنى يالغاندىن بەختلىك ساناش مانا بۇ نادانلىقتۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نادانلىقنىڭ ئۆزى بەخت، بۇ خۇددى يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ بۆرىدىن قورقمىغانلىقىدەك، سەبىي بالىنىڭ باتۇرلۇقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال. چۈنكى موزاي بۆرىدىن قورقمىغان بىلەن بۆرىنىڭ ئاغزىدىن ساق قالالمايدۇ ـ دە، سىز بايا «كۈندە ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇرىمىزمۇ» دېدىڭىز، ئەلۋەتتە بىزمۇ ھەر كۈنى يىغلاپ ئولتۇرمايمىز. بۈگۈن پەقەت قىز ـ يىگىت يىغلاۋاتىدۇ، خالاس. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ يىغلىمايدۇ. ئۇلارمۇ يوقاتقان بەختىنى ئىزدەپ جان تالىشىدۇ. بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ تەقدىر، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ ـ دە.

شۇنداق بولسىمۇ بارلىق جانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يوقىتىپ قويغان بەختىنى ئىزدەپ جان تالىشىدۇ ۋە كۈرەش قىلىدۇ، ھەممىگە كۈندۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بەختتۇر. بۇ يەردە مەقسەت ئىشقا ئاشمىغان ئۇسۇل بىلەن داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئۇسۇل مەقسەت ئۈچۈندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جانلىقلار ئۇسۇل جەريانىدا پايپېتەك بولۇشىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، دۇنيانى گۈللەندۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرغانمۇ مۇشۇ ئىنتىلىش، خالاس.

ــ پاھ! سىز سۆزلىرى بەك قورقۇنچلۇق، ئۇمىدسىز جان ئىكەنسىز، سىزگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى ئەپەندىم، سىزلەرنى دۆلەرنىڭ ئوپتومىزمدىن خالىي، ئىجتىمائىي مۇھىتى

مۇشۇنداق يېتىلدۇرگەندەك قىلدۇ. بىز سىز بىلەن پىكىرداش بولالمايدىكەنمىز.

— قورقۇنچلۇق دەيسىزغۇ خانىم، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق، ئوزۇقنى نەدىن تاپارمەن دەپ قورقسىز، ئۇۋامغا سۇ كىرىپ كېتەرمۇ دەپ قورقسىز، بىرەرسىنىڭ بىر قېتىملىق مەززىلىك تامىقىغا ئايلىنىپ كېتەرمەنمۇ دەپ قورقسىز، بىرەر داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ قورقسىز، ھەتتا يىغىپ قويغان دانلىرىمنى باشقىلار يەغىشتۇرۇپ كېتەرمۇ دەپمۇ قورقسىز.

خوش، بىز دۆلەر سىز ئېيتقان ئۇيتومىزمىگە ئەڭ باي خەلقمىز، بىز شۇم دۇنيانىڭ بارلىق قىرلىرى بىلەن سىرلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە قارىماي، قەھرىمانلارچە ياشاپ ئەۋلاد قالدۇرۇپ كېلىۋاتىمىز، ھەم بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ تىرىشچان، ھۈنەرۋەن خەلقمىز، بىز بارلىقىمىزنى، ھاياتىمىزنى ئەۋلادلىرىمىزغا بېغىشلىغان، قۇربان بېرىش روھىغا ئەڭ باي، چەكسىز سۆيگۈگە ئىگە جانلىقمىز خانىم.

— بىزنىڭ سىز بىلەن ئورتاق تىلىمىز يوق ئىكەن، رەنجىمەڭ، بىز كەتتۇق.

قوڭغۇز ئەپەندىم چولاق دۆنىڭ تۇسقىنىغا قارىماي، توي ئاخىرلاشمايلا قېيداپ كېتىپ قالدى.

* * *

قوڭغۇز دانلارنى دۆڭلىتىپ، دۆلەر تورلىرىنى توقۇپ دېگەندەك ... جانلىقلار دۇنياسى ئۆزلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بۇلتۇرقى تويدا دۆلەردىن كۆڭلى قالغان قوڭغۇز قوشنا دۆنىڭ كۆرۈنمەي كەتكىنىنى كۆرۈپ، قوشنامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولماس، كېسەل بولۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە، دەپ دۆنىڭ ئۆيىگە باردى...

قوڭغۇز دۆنىڭ ئۆيىدە دەھشەت بىر ئەھۋالنىڭ شاھىتى بولدى، خۇدايا توۋا...

ئانا دۆ تۇغۇپتۇ، تۇغۇلغان بالا دۆلەر ئانىلىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە چاپلىشىۋاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە جان كىرىپ ئوزۇق كېرەك بولغاندا ئانىلىرىنىڭ دۈمبە گۆشلىرىنى يېيىشكە باشلايدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئانا دۆ چىدالماي ئۇۋىنىڭ ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈگۈرۈپ كېتىدىكەن. بەزىدە قاتتىق ۋارقىراپ تەسەللى تاپىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ باللار چوڭ بولغانسېرى كۆپ يەيدىغان بوپتۇ، يېيىش ۋاقتىمۇ ئۇزىراپ كېتىدىكەن. ئانا دۆنىڭ ئازاب- ئوقۇبىتى بارغانسېرى ئېغىرلاپ، چىدالماي زار - زار قاقشايدىكەن. كۆپىنچە قاتتىق ۋارقىرسام باللىرىمغا تەسىر قىلىدۇ دەپ ئەنسىرەپ ئاغزىنى لاتا بىلەن چىڭ باغلاپ قويىدىكەن. يۈگۈرۈشمۇ بارغانسېرى تېزلەيدىكەن.

شۇ ۋاقىتتا ئاتا دۆ:

— سۆيۈملۈكۈم، باللارنى يەرگە قويۇپ تۇرايلى، — دەيدۇ.

— ياق - ياق سۆيۈملۈكۈم، باللىرىم زەخىم يەپ قالدۇ، ئۇنداق قىلمايلى، باللىرىم ئۈچۈن ھەممىگە چىدايمەن، — دەپ ئۇنىمايدۇ ئانا دۆ.

تەقدىر، باللار بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئانا دۆنىڭ دۈمبە گۆشلىرىنى ئويۇپ يەپ، دۆنى پۈتۈنلەي ئورنىدىن تۇرالماس قىلىۋېتىپتۇ، بىراق باللار چوڭلاۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى كۈنسايىن ئېشىۋاتاتتى. ئايالىغا قاتتىق ئىچى ئاغرىغان ئاتا دۆ:

— سۆيۈملۈكۈم، بۇنداق قىينالساڭ ساڭا ئۇۋال بولىدۇ، مەنمۇ چىداشلىق بېرەلمىدىم، ماقۇل كۆرسەڭ سېنى ئۆلتۈرۈپ جان ئازابىدىن خالاس قىلاي، — دەيدۇ.

— ياق - ياق سۆيۈملۈكۈم ئۆلۈپ قالسام، ئۆلۈك بەدەندىكى گۆش تەملىك بولمايدۇ، ھەم بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پۇراپ قالسا، مېنىڭ جېنىم باللىرىم تەملىك گۆش يېيەلمەي قالىدۇ. پۇراپ قالغان گۆش ئۇلارنىڭ قورسىقىنى ئاغرىتىشى مۇمكىن. مەن باللىرىم ئۈچۈن چوقۇم ھەممىگە چىدايمەن، — دەپ ئېرىنى يېقىن يولاتمايدۇ ئانا دۆ.

شۇنداق قىلىپ ئانا دۆ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە باللىرى ئۈچۈن جان ئازابىغا چىداپ ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈزمەدى... ئەڭ ئاخىرقى سۆزى:

— سۆيۈملۈكۈم...بالا...باللار...ئاچ قالمىسۇن، باللار...ئاچ.....قالدىغان بولدى.

— سۆيۈملۈكۈم غەم قىلما، مەن باللارنى ئاچ قويمايمەن، — دەپ ئاتا دۆ ۋەدىسىنى بېرىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئايالىغا تەسەللى بەردى.

ئېرىنىڭ مۇشۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئانا دۆ رازىمەنلىك بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويۇپ جان ئۈزدى.

خېلى چوڭ بولۇپ قالغان دۆ باللىرى نەچچە كۈندىن

كېيىن ئانا دۆنىڭ جەسىتىنىمۇ غاجاپ سۆڭىكىنىلا قالدۇردى. كېيىن قورسىقى ئاچقاندا چۇرقىرىشىپ يىغلاشقا باشلىدى، دادىسى ئېپكېلىپ بەرگەن ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ گۆشىنى يېيەلمىدى، چۈنكى ياۋايى ئوزۇقلۇقلارنى يېتىلمىگەن بالىلار يېيەلمەيتتى، ھېچ ئامالى قالمىغان ئاتا دۆ كۆپ ئويلاندى.

ئانا دۆنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى «بالىلار ئاچ قالمىسۇن» دېگەن ۋەسىيىتى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى، بالىلار بولسا بارغانسېرى قاتتىق چۇرقىرىشىپ يىغلاشماقتا ئىدى.

ئامالى قالمىغان ئاتا دۆ ئۆزىنىڭ زەھەرلىك تۇمشۇقىنى كۈچەپ تۇرۇپ قورسىقىغا تىقىپ زەھىرىنى قويۇۋەتتى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا قورسىقىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقان پېتىچە بالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا غۇلاپ چۈشتى. بالىلار بولسا ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان تەملىك تائامنى كۆرۈپ دەرھال ئىشتىھا بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى...

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغان قوڭغۇز ئەپەندىم پەيمانى قىرىق گەز ئۆرلەپ ئاللا- توۋا بىلەن ئۆيىدىن قېچىپ چىقتى- دە، ئۆزىگە تونۇش بولغان چولاق دۆگە بېرىپ:

— دۆ ئەپەندىم مەن بىر شۇملۇقنى كۆردۈم، ماۋۇ قوشنامنىڭ يېڭىدىن تۇغۇلغان بالىلىرى ئانىلىرىنى تىرىك پېتى يەۋېتىپ، ئەمدى دادىسىنى يەۋاتىدۇ. دەھشەت دەھشەت... — دېدى ئالدىراپ.

بۇ سۆزگە چولاق دۆ پەقەت ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، ھەمدە ئالدىرىماي تۇرۇپ:

— بۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، بىزدە بۇ ئادەت بار، — دېدى.

— بۇ ئادەتلەر نېمىدېگەن ياۋۇزلۇق، مەدەنىيەتسىزلىك، بۇنداق ياۋايىلىقنى تۇنجى كۆرۈشۈم، ياۋۇزلۇق، ياۋۇزلۇق...

— قوڭغۇز ئەپەندىم بارلىق جانلىقلارنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇنداق ياۋۇزلۇق بىلەن تولغان، سىز بۇنى بايقاپ ئالالمايسىز، چۈنكى بۇنىڭ بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى يوشۇرۇن بولىدۇ، بەزىلىرى ناھايىتى جىددىي، بەزىلىرى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بىزدىكى سەل غەلىتەرەك، ئاشكارىراق. تويدا ئۇلارنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى سىز ئەمدى چۈشەنگەنسىز بەلكىم، — دېدى چولاق دۆ.

— ئەپەندىم ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئالدىن بىلگەن بولسا نېمىشقا توي قىلىپ، ئۆيلىنىپ ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ؟

— قىزىق ئىكەنسىز، ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۇلار توي قىلمىسا، باشقىلار ئۆيلەنمىسە ئۇنداقتا دۆ دېگەن بۇ قوۋم يەر شارىدىن يوقالمامدۇ؟ بىز دۆلەر ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا كېيىنكى ئەۋلادلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمىز، بۇ بىزدىكى كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى، بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، بىز بەربىر ئۆلىمىز دەپ قارايمىز.

— ياپىرىم، سىلەر بەكمۇ ئالاھىدە ئىكەنسىلەر.

— راست بىر ئاز ئالاھىدە، ئەمما بىز ھەممىمىز ئوخشاشمىز، پەقەت تەگرى بىز بىلەن ئەۋلادلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇشۇنداق قىپيالىڭاچ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، سىزلەرگە بولسا يوشۇرۇن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. بىزنىڭ بالىلىرىمىز نەچچە ئون كۈندە بىزنى غاجىلاپ يەپ تۈگىتىدۇ، سىزلەرنى بولسا نەچچە ئون يىلدا غاجىلاپ يەپ تۈگىتىدۇ، پەرق پەقەت مۇشۇلا، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، — دېدى قوڭغۇز ئەپەندىم.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىراتىدىن.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991



شائىر، ژۇرنالىست، فولكلور تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىي تەرجىمان
ئۈچقۇنجان ئۆمەر ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市友好北路北一街43号
邮　　编：830000 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》社印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2012 ـ يىلى 2 ـ سان (ئومۇمىي 314 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى شىمالىي 1 ـ كوچا 43 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6 يۈەن



چەشمە

ب. يۈسۈپ فوتوسى